# سادا

(مەۋسۇملۇق ئىچكى ژۇرنال)


**مەسلىھەتچىلەر:** لىتىپ توختى، ئەركىن ئابدۇللا

**يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار:** ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي، ئەركىن ئارىز

ئىمام موللاخۇن، لى خوڭمىي، مۇھەممەتئەلى

**باش مۇھەررىرى:** ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:** ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر

**تەھرىر ھەيئىتى:** ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى، تۈركىزات ئابدۇبەسىر

ئاينۇرقىز مەتىمىن، ئايگۈزەل ئابدۇسالام،

گۆھەرنىسا راخمان، قۇربانجان ۋاھاپ، توختىقارى نۇر

ئابدۇۋەلى پەرھات، مەريەمگۈل تۇرسۇن ساباھى

ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر، مېھرۇللاھ تەۋەككۇل

**كوررېكتورلار:** ئاسىمە ئىلھام، خانقىز مەتتوختى

ماھىرە تۇرسۇنتوختى، ئەلانۇر ئەسقەر

**گۈزەل-سەنئەت مۇھەررىرى:** ئادىلجان مەتىمىن

**بەت تىزغۇچى:** ئابلىمىت ئابدۇراخمان


---


**مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى**


---

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا!

## ئىز ۋە ئۆلگە


ئاتاقلىق تىلشۇناس ئابدۇرېشت ياقۇپ بىلەن سۆھبەت.........ئاسىمە ئىلھام، ئاينۇرقىز مەمتىمىن 1

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بولسۇن.......... چىمەنگۈل ئابدۇشۈكۈر، ئىسمائىل ھىلىم 5


## تەپەككۇر ۋە ھاسىلات


ھىجرەت ۋە نۇسرەت........ ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي 8

ئوقۇغۇچىلىقنى ئىزدەش........ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 13

مەۋجۇدلۇق ۋە مەنە........ئابابەكرى ئابدۇرەشىد 15


## تۇرمۇش پارچىلىرى


خەير ـ خوش، ئالىي مەكتەپ........ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى 17

تىلەمچىلەر........رۇقىيەگۈل تۇرسۇن ئايقۇت 26

گۇناھكار لىفت........ئايجامال ئەھەد 29

خاتالىق........ئەزىمەت ھادىل مەشرىپى 31

كېچىكمىگەن پۇشايمان........شاھىمەردان مەمەتئېلى 35


## گۈلىستان


شەھەر ۋە تەنھالىق........ قۇربانجان ۋاھاپ روھزادە 70

مەن تېخى دۇنياغا كۆلۈپ باقمىدىم........ھەبىبە قۇربان 72

ئانار........يۈسۈپجان مۇھەممەت 72

ئش بېجىرمەك تەسىمدى........ توختىنقارى نۇر 43

دېكابىردىكى چۈش........ ئىلھامجان يۇنۇس 69

قىزلار قىزىل گۈلگە ئوخشايدۇ........ ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى 71

ئاشىق نىداسى........نۇرئەلى ئابلەت ھەقدارى 71

تۇرسام........ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت 68

بەخت بېكىتى........ئابدۇمىجىت ئابدۇللا 68


## ئىزدىنىش


قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ki ـ» قوشۇمچىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى........ساۋادەت ئەركىن 41

ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىكى سەيفى سەرايى غەزىلى توغرىسىدا........خەلچىئاي ئىسھاق 38


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى


بەش تال بېلىق........ روزاجى ئىمام رەتلىگەن 44


## ئىلھامنامە


ئانامنىڭ چۈشى........مەمەتجان ئەمەت 48

قەشقەر قەسىدىسى........مېھرۇللاھ تەۋەككۇل 49

ئانا، مەن كەلدىم........مەريەمگۈل تۇرسۇن 50

قەلب ئىسيانى........ئاسىمە ئىلھام 53

پارچە خىياللار........ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر 12


## ئارامگاھ


يۇمۇرلار........ تۇرسۇنجان مەمەت تەييارلىغان 52

ھېكمەتلىرىم........شېرىنگۈل ئىبرايىم 54


## ئانا يۇرتقا مۇھەببەت


ئۇيغۇرغول خاتىرىلىرى........ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر 55


## تەرجىمە كۆزنىكى


سالام باچا........ زاكىر ساداتلى (تۈركىزات ئابدۇبەسىر تەرجىمىسى) 64

چۈشەك........مياۋ يۈ (شېرىنگۈل ئىبراھىم تەرجىمىسى) 30

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ........لىياڭيۈ مەنتىيەن (ئاينۇرقىز مەمتىمىن تەرجىمىسى) 67


## مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر


مەۋسۇملۇك قىسقا خەۋەرلەر........گېزىتىمىز مۇخبىرلىرى 73


---

باش مۇقاۋىدىكى رەسىمنى 2008 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى يۈسۈپجان روزى سىزغان.

# ئاتاقلىق تىلشۇناس ئابدۇرىشىت ياقۇپ بىلەن سۆھبەت



ئاسىمە ئىلھام (2006)
ئاينۇرقىز مۇھەممەتئىمىن (2007)

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرىشىت ياقۇپ 1964-يىلى 9-ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1984-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەزكۇر فاكۇلتېتىنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1988-يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا تۈركىي تىللار تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، 1996-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1999-يىلغىچە ياپونىيە كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1999-يىلدىن 2000-يىلغىچە ياپونىيە كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكلىپلىك پروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن. 2000-يىلى 12-ئايدا گېرمانىيە «ئالېكساندىر ھۇمبولت فوندى»نىڭ دوكتۇر ئاشتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2003-يىلى دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتىنى تاماملاپ، گېرمانىيە گۆتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى گۆتتىنگېن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن، 2007-يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە بېرلىن براندېنبۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 2009-يىلى 12-ئايدا جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ چاڭجياڭ ئالىمى ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش-تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئابدۇرىشىت ياقۇپنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ۋە ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى ئىلمى، قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەرخىل مەتبۇئاتلاردا 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرپان دىيالېكتى»(2005-يىل، ئىنگلىزچە)، «قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى يادىكارلىقلار»(3 توم، 2007-2009-يىل، نېمىسچە)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىشاستوۋۇستىك»(2006-يىل، ئىنگلىزچە)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پىراجناپارامىتا يادىكارلىقلىرى» (2010-يىل، ئىنگلىزچە) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋەكىللىك تەتقىقات ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى، چاڭجياڭ ئالىمى ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورى بولۇپ ئىشلىمەكتە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرگە ئالاقىدار دۆلەت دەرىجىلىك بىر تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

*2009-يىلى مەكتىپىمىز گېزىتىنىڭ 3-سانىدا «چاڭجياڭ ئالىمى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەتقىقاتچىسى ئابدۇرىشىت ياقۇپ ئەپەندىنىڭ مەكتىپىمىزگە ئۈچ يىللىق ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسور بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئوقۇپ ناھايىتى ھاياجانلاندۇق. بىزنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئابدۇرىشىت ياقۇپ مۇئەللىم جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە تۇنجى «چاڭجياڭ ئالىمى» ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە شىنجاڭدا تۇغۇلغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەزكۇر ئۇنۋانغا ئېرىشكەن تۇنجى ئالىم ئىدى. ئىلگىرى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن بۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ گېرمانىيە تەرىپىدىن بېرىلىدىغان، ئېلىش ناھايىتى تەس بولغان «ھۇمبولت فوندى ئوقۇش مۇكاپات يۇلى»غا ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىمۇ شۇنچىلىك پەخىرلەنگەنىدۇق ۋە بىزدە ئابدۇرىشىت مۇئەللىمنى بىر كۆرۈش ئىستىكى قوزغالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ مۇئەللىمنىڭ مەكتىپىمىزگە تەكلىپ قىلىنغانلىقى بىزنى ئالاھىدە خۇشال قىلدى. دېمەك، بىزنىڭ ئىستىكىمىز رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، 2010-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى بىز ئالدىن يوقلاشقىنىمىز بويىچە مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدا مۇئەللىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق.*

*سۆھبەتتىن بۇرۇن، مۇئەللىم بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز تۇرانە ئۇچرىشىشىمىز بولغانلىقى ھەم مۇئەللىمنىڭ ۋاقتىنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن سۆھبىتىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدۇق. لېكىن، مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشكەن مىنۇتلاردىكى مۇئەللىمدىكى خۇش پېئىللىق، قىزغىنلىقتىن بۇ ئەنسىرەشلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق ۋە سۆھبىتىمىزنى ناھايىتى ياخشى كەيپىياتتا باشلاپ كەتتۇق.*

*قەلەم كۈچىمىزنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇئەللىمنىڭ ئوي-پىكىر ۋە ئىدىيەلىرىنى توغرا يەتكۈزەلمەي قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۆھبەت مەزمۇنىنى كەسىداشلىرىمىزغا ئەينەن سۇنۇشنى لايىق تاپتۇق.*

**سوئال: تەرجىمىھالىڭىزنى بۇرۇن ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بولساقمۇ، ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىڭىزدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق دېگەن ئۈمىدتىمىز:**

جاۋاب: بولىدۇ. مەن يوپۇرغا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن ئۆگىنىشكە قىزىقاتتىم، ياخشى ئوقۇيتتىم. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىمۇ مېنىڭ نومۇرۇم پۈتۈن ناھىيە بويىچە بىرىنچى ئىدى. مەن 1980-يىلى ئالىي مەكتەپكە(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا) كەلگەن، ئەسلى مەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇي دېگەن، لېكىن تىل فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتىمەن. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ كېتەي دەپ خېلى تىرىشىپ باقتىم، لېكىن

مۇمكىن بولماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم. خەنزۇ تىلى ئاساسىي كەسپىمىز ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى، يېزىقچىلىق قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ ئۆتەتتى. دەسلەپكى بىر مەۋسۇم خەنزۇ تىلىدا بىر ئاز قىينالدىم. چۈنكى يوپۇرغىدا خەنزۇلار ئاز، خەنزۇ تىلى سۆزلەش پۇرسىتىمۇ ئاز ئىدى. خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگىنى بىلەن بۇ تىلنى ئۆگىنىشكە تازا كۆڭۈل بۆلمەپتىكەنمىز. لېكىن ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ ياخشى بولۇپ كەتتىم. ھەركۈنى سەھەر تۇرۇپ ھەربىر تېكىستنى 30 قېتىمدەك ئوقۇيتتىم. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگىچە خەنزۇچە ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدىم. سىنىپتا ئىزچىل ئۆگىنىش باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم. ئۈزلۈكسىز تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئاپتونۇم رايون بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىمۇ بولدۇم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماگىستىرلىق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدىم. بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئىنتايىن ياخشى نەتىجە بىلەن ماگىستىرلىققا قوبۇل قىلىندىم. ماگىستىرلىقتىكى يۆنىلىشىم تۈركىي تىللار تىلشۇناسلىقى ۋە تىل تەكشۈرۈش ئىدى. ئۈچ يىل ماگىستىرلىقتا ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپ قالدىم ۋە بەش يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. ئەينى چاغدا دوكتورلۇققا ئالىدىغان ھازىرقىدەك سىستېما يوق ئىدى، كېيىن گېرمانىيەگە چىقماقچى بولدۇم، 1988-يىلى قوبۇل قىلىندىم، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى چىقالماي قالدىم. 1993-يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى تۇنجى قېتىم جۇڭگودا تۈركىي تىللار تىل-ئەدەبىياتى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ھازىرقى قازاق تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ دىڭ جىڭ ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىندۇق، دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ دوتسېنت بولدۇم. كېيىن يەنە ئۇزاق ئۆتمەيلا گېرمانىيە ۋە ياپونىيەگە باردىم، ئۇ يەردىن كېلىپ ئۈچ ئاي ئەتراپىدا دەرس ئۆتتۈم، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئائىلەم بىلەن يەنە ياپونىيەگە كەتتىم. ياپونىيەدە دوكتور ئاشتىلىق بىلەن ئىككىنچى دوكتورلۇقنى ئوقۇشنى تەڭلا باشلىدىم. ئۇ ۋاقىتتا ئوقۇغان كەسپىم ئومۇمىي تىلشۇناسلىق بولدى. دوكتور ئاشتىلىقنى 1999-يىلى تاماملىدىم، دوكتورلۇقنى 2000-يىلى 9-ئايدا تاماملاپ، شۇ مەكتەپنىڭ تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ رەسمىي پىروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىندىم، كېيىن يەنە گېرمانىيە «ھۇمبولت فوندى»نىڭ دوكتور ئاشتى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە گېرمانىيەگە باردىم. گېرمانىيەدە لارىش يوھانسون دېگەن مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى يېرىم يىل دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندىم، بۇ تۈگمەي تۇرۇپلا يەنى 2003-يىلدىن باشلاپ گېرمانىيە گۆتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى گۆتتىنگېن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا قوبۇل قىلىندىم. 2007-يىلى پىروفېسسور پېتېر زىممې ئەپەندى پىنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ ھازىرغىچە شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن.

**سوئال: سىز كەسپىڭىزگە بۇرۇندىن قىزىقامتىڭىز ياكى بىرەر ئىش تەسىر قىلىپ ئاندىن ئۇيغۇر تىلى ياكى تىلشۇناسلىقنى ئۆگىنەي، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقاي دېگەن ئويغا كەلگەنمىدىڭىز؟**

جاۋاب: مەن ئەڭ دەسلەپتە بىر شائىر ياكى يازغۇچى بولاي دەپ ئويلايتتىم، ھېكايە كىتابلارنى، شېئىرلارنى كۆپ ئوقۇيتتىم. مەن شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان شائىرلار بار ئىدى. مەسلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېگەندەك، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرىنى بەكمۇ سۆيۈپ ئوقۇيتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا «سۇ بويىدا» دېگەن رومانىنى ياقتۇراتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ رومانىنى ئەڭ ئاز دېگەندە باشتىن-ئاخىرىغىچە ئون قېتىمدەك ئوقۇغان، ھازىرغا قەدەر يادا دېگۈدەك بىلىمەن.

تۈركىي تىللار تىل-ئەدەبىياتى دېگەن كەسپنىڭ بارلىقىنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بىلگەن. ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن ماڭا ئىنتايىن تەسىر قىلغان كىشى خالىق نىياز ئەپەندى ئىدى، خالىق مۇئەللىم بىزگە «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن دەرسنى بېرەتتى، ئۇ دەرسنى ناھايىتى ياخشى بېرىدىغان، ئۆزىمۇ تىلشۇناسلىقتىن پۇختا بىلىمگە ئىگە بىر مۇئەللىم ئىدى. خالىق مۇئەللىم دەرسنى ناھايىتى ياخشى بېرىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنىڭدىن سىز نەدە ئوقۇغان دەپ سورىسام، مەن ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان، دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق بولسا مەنمۇ ماگىستىرلىقتا ئوقۇي دېسەم، ئۇ ماگىستىرلىققا ئۇنداق ئاسان ئۆتەلمەيسىز دېگەن بولدى، لېكىن ماڭا دەرس ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا مېنىڭ ماگىستىرلىققا ئۆتەلەيدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشەندى. ئەسلى قائىدە بويىچە مەكتەپتە تولۇق ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئاندىن ماگىستىرلىقتا ئوقۇشقا يول قويۇلاتتى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى فاكۇلتېت مۇدىرىمىز چېڭ شىلياڭ ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى ھاكىم جاپپار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنىڭ ئوقۇشۇمنى قوللىغان. ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئۇيغۇرلاردىن ھېچكىم ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن مۇدىرغا كاپالەت بېرىپ چوقۇم ئۆتىمەن دېگەن نىيەتتە بىر مەۋسۇم دەرس ئورۇنلاشتۇرماي تەييارلىق قىلىپ ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە تۇنجى قېتىم دۆلەتلىك ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك بولۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ كەسپتە ئوقۇدۇم، شۇ ۋاقىتتا خالىق نىياز مۇئەللىم ماڭا ناھايىتى زور تەسىر قىلغان. ھازىر ۋاپات بولۇپ كەتتى، بۇ ساھەدە مېنىڭ بىلگەن ئادەملىرىم ئىچىدە ئۇنى ئەڭ پۇختا بىلىمگە ئىگە، ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئالىم دەپ قارايمەن. شۇ مۇئەللىمنىڭ تەسىرى بىلەن مۇشۇ ئادەمگە ئوخشاش بىر مۇئەللىم بولاي دەپ، شۇ مەقسەت بىلەن ئوقۇغان.

**سوئال: سىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئۇستازىڭىزدەك**

**بولۇش مەقستىدە ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ كۆپ دۆلەتلەردە، كۆپ خىل مۇھىتتا ياشاپسىز ۋە ئۆگىنىش ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپسىز، ئۇنداقتا مۇشۇ جەرياندا سىزگە ئەڭ قىيىن تۇيۇلغان نەرسە قايسى؟**

جاۋاب: بۇ جەرياندا ماڭا قىيىن تۇيۇلغان نەرسە يوق ئىدى، ئۆگىنىش ـ تەتقىقات ۋە تۇرمۇش جەھەتتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى مەن ھەرقانداق مەسىلىگە بەك ئاكتىپ قارايتتىم، مەسىلەن بىر دەرس ئۆتۈلسە مەن ھېچقاچان ئىمتىھاندىن ئۆتەلەمدىم ئۆتەلمەمدىم، دەپ غەم قىلىپ باققان ئەمەس. ئادەتتە كۈندە ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆگىنىش، كەچتە ئۆزۈم پىلانلىغان ۋاقىتتا ئۇخلاش، ئۆزۈم پىلانلىغان ئىشلارنى قىلىش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى، ھازىرغىچە مەن شۇ ئادەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. بىر دەرس ئۆتۈلسە شۇ دەرسكە مۇناسىۋەتلىك تاپقىلى بولىدىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسنى تېپىپ ئوقۇيتتىم، دەرسلىك كىتابلارنىلا كۆرۈپ مۇئەللىم نەدىن ئىمتىھان ئالار دەپ قىياس قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتىم. ئەينى چاغدا تىلشۇناسلىق دەرسىدىمۇ كۈتۈپخانىغا كىرىپ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، ئالغىلى بولىدىغانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھەممىسنى ناھايىتى پىششىق ئوقۇپ چىققاندىم. خالىق نىياز مۇئەللىم ناھايىتى قىيىن سوئال چىقىرىپ «كۆپىنچىڭلار ئۆتەلمەيسلەر، ئەڭ يۇقىرى ئالىدىغانلارمۇ 90 نومۇرنى ئاران ئالالايسلەر» دېگەندە، مەن 40 مىنۇت ئىچىدە تۈگىتىپ تولۇق نومۇر ئالغان ئىدىم.

**سوئال: سىزنىڭ ھازىر بىلىدىغان تىللىرىڭىزمۇ ناھايىتى كۆپ، تىل ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچراپ باقمىدىڭىزمۇ؟**

جاۋاب: تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ماڭا ئەڭ تەس كەلگىنى روس تىلى بولدى، روس تىلىنى مەن سەككىز يىل ئۆگەندىم، ھازىرغىچە تۈزۈك سۆزلىشەلمەيمەن، روسلار بىلەن ئۇچرىشىشىم بۇلتۇر سىبىرىيەگە بارغاندا ئاندىن مۇمكىن بولدى، ئۇنىڭغىچە روسلار ياشىغان مۇھىتقا بېرىش مۇمكىن بولمىغان ئىدى، دېمەك شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن قىيىن ئىش ئىكەن. مېنىڭ بىرىنچى ئۆگەنگەن چەتئەل تىلىم روس تىلى ئىدى، ئىنگلىز تىلىنى قانداق ئۆگىنىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. دوكتورلۇق ئىمتىھان بەرگەندە، ئوخشاش بىر تىلدىن ئىمتىھان بېرىۋەرمەي دەپ ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىپ شۇنىڭدىن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، قالغان تىللارنى ئۆگىنىش ماڭا ئاسان توختىدى. ياپون تىلىنى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقاندا ئىككىنچى چەت ئەل تىلى قىلىپ ئۆگەندىم، كېيىن ياپونىيەگە بېرىپ تۇردۇم، ئاسانلا ئۆگىنىپ كەتتىم. ياپون تىلىنى ھازىر ئانا تىلىمغا ئوخشاش بولمىسىمۇ، خەنزۇ تىلىغا ئوخشاش سەۋىيەدە قوللىنىپ ماقالىلەرنى يازالايمەن. گېرمان تىلىمۇ شۇنداق بولدى، بەلكى تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسنى مەن تەبئىيلا ئۆگەندىم. گېرمان تىلىنى مەن تۆت ئايلا ئۆگەنگەن، شۇنىڭغا تايىنىپ ھازىرغىچە گېرمانىيەدە ياشاپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن.

**سوئال: ھازىر چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات يۈزلىنىشى، تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

جاۋاب: چەتئەلدە ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن بار دېيىسە پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن بار. ئۇ ئاساسلىقى گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە مۇشۇ ئۈچ دۆلەتكە مەركەزلەشكەن. روسىيەدە يەنە بىر قىسىم تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بار.

گېرمانىيەدە ئاساسلىقى 1902 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلغىچە گېرمانىيەلىكلەر شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋە باشقا رايونلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن يادىكارلىقلار ساقلانغان، شۇلارنى تەتقىق قىلىش مەقستى بىلەن مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. كۆپىنچىسى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەنى شۇ يەردە ساقلانغان يازما يادىكارلىقلارنى ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ، شۇلارغا ئىزاھات بېرىپ، ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىيات، دىن مەسىلىلىرى، بەزى تارىخى مەسىلىلەر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

ياپونىيەدىكى تەتقىقاتمۇ ئوخشاش، چۈنكى ياپونىيەمۇ شىنجاڭ رايونى ۋە دۇنخۇاڭ رايونىغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەن، شۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇددىزمنىڭ ھىندىستاندىن شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگو ۋە ياپون ئاراللىرىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقستى.

تۈركىيەدىكى تەتقىقاتنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىڭ تارىخى قاتاردا ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىڭ قەدىمكى ھالىتى قاتارىدا تونۇيدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ئالاھىدە تەتقىقات ھەۋىسى، قىزغىنلىقى بار.

**سوئال: ھازىر فاكۇلتېتىمىزدا ۋە ياكى باشقا مەكتەپلەردە بولسۇن، مۇشۇ كەسپتىكىلەرنىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. سىز ئۇزۇن مۇددەت چەتئەللەردە تۇرۇش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولغانلار قايسى نۇقتىلارغا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىڭىز؟**

جاۋاب: مەن ھېس قىلغان نەرسە پەقەتلا ئىككى، بىرى چەتئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن چوقۇم چەتئەل تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بولسا، ئەڭ ئاز بولغاندا ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى پىششىق بىلسە، ئەگەر گېرمان تىلى، ياپون تىلى دېگەندەك تىللاردىن خەۋىرى بولسا تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى، بىر چەتئەل تىلىنىمۇ پىششىق بىلمەي چەتئەلگە چىقسا ئۇ يەردە ئالىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ بولمايدۇ، ئاساسلىق يادىكارلىقلارنى، ئۇلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى كۆرۈشكىمۇ قابىلىيىتى يەتمەيدۇ، بۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ ھەتتا ئادەتتىكى تۇرمۇشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدىغان گەپ. بۇ ناھايىتى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. يەنە بىر ھېس قىلغىنىم، ئەڭ ئاددىيسى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن پۇختا بىلىمگە ئىگە بولسا، بۇ ئەلۋەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلنى تەتقىق قىلسىمۇ، باشقا نەرسىنى تەتقىق قىلسىمۇ تەتقىقاتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايمەن. باللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ گەرچە ئانا تىلى ئۇيغۇر تىل بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ياخشى خەۋىرى بارلىرى ناھايىتى ئاز. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتكىلى كىرگۈزسىمۇ، دەرسنى جايلاپ ئۆتەلمەيدىغان ھەتتا تەلەپپۇزلىرىمۇ توغرا ئەمەس، ئادەتتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنىمۇ توزۇك ئۆگىتەلمەيدىغان باللار خېلى كۆپ. بۇ ياخشى ئەمەس. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا ئەڭ ئاز دېگەندە قازاقلارنىڭ تىلىنى، قازاقلار بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويسا( بۇ ئىككىسى قارلۇق، قىپچاق ئىككى تىل گۇرۇپپىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تىل) تۈركىي تىللاردىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى تىلنى بىلگەن بولىدۇ، بۇنىڭغا قوشۇپ تۈرك تىلى ياكى بىرەر تىلنى ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكى بولسا ئۈچ مۇھىم تىلدىن خەۋىرى بولغان بولىدۇ ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن تۈركولوگىيەدە ئوقۇش بىرئاز ئاسانلىشىدۇ دەپ ئويلايمەن.

**سوئال: تىل مەسىلىسىنى دەپ قالدىڭىز، ھازىر جەمئىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ياكى ئىستىقبالى يوق دەپ قارايدىغان قاراشلار بار، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، بۇ ئەڭ كەم دېگەندە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تىلى، ئۆزى سۆزلەۋاتقان تىل، ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ تىلى، بەلكىم بۇنى ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ياكى باشقا جەھەتلەردە مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىشى، ئۇنداق قولاي بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ تونۇيمەن. چۈنكى ھازىر شىنجاڭنىڭ قوش تىل سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ تىلىنى پۇختا بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىپ كېتىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش تەس. چۈنكى، ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىش ئەڭ بۇرۇن بولغاندا يەسلىدىن باشلىنىدۇ، يەسلىگە بالا ئادەتتە ئۈچ-تۆت ياش ۋاقتىدا ئېلىنىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى چىقىپ بولغان بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخى ئۇيغۇر تىلى ئاساس قىلىنىدۇ، شۇڭا باللارغا ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈش، ساۋادىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىدىغان، ياخشى تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەر بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر نۇرغۇن ژۇرناللار چىقىۋېتىپتۇ، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش ۋاقتىمۇ ئۈچ سائەتتىن ئالتە سائەتكە ئۇزارتىلىپتۇ. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغانلار بولمىسا ئۇنى كىم ئاڭلىتىدۇ؟ دۆلەت ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇرچە ئاخبارات ۋاستىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، دۆلەتمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلارغا ئېھتىياجلىق، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئىستىقبالى يوق دەپ قاراشنىڭ مېنىڭچە ئانچە ئاساسى يوق.

**سوئال: ھەممىمىز سىزنى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى دەپ تونۇيمىز، سىزنىڭچە بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئۆزىدە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك دەپ قارايسىز؟**

جاۋاب: بۇنى مەن بىلمەيمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈمنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم دەپ ئويلىمايمەن، ئىشقىلىپ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدىم. ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلىغان ئىشلارنى قىلدىم. مەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەممۇ ئەمەسمۇ ئۇنى ئۇقمايمەن، ماڭا نىسبەتەن ئۆزۈمنىڭ تۇيغۇسى ئادەتتىكىچىلا. چۈنكى، مەن ئىلمنىڭ چېكى يوقلۇقىنى بىلىمەن. مەن جىق ئالىملارنى كۆردۈم، مەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ. كۆپ نەرسە بىلىدىغان، چوڭ ئۇتۇق ياراتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كەمتەر. شۇڭا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، مەن ئۇتۇق قازانغان دەپ باشقىچە بولۇۋېلىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. مەن تېخى ئۆزۈمنى ئۆگەنمىگەن نەرسىلىرىم كۆپ دەپ ئويلايمەن.

**سوئال: ئاخىرىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دېمىدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟**

جاۋاب: مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنداق ئوقۇڭلار، مۇنداق ئوقۇڭلار دەپ نەسىھەت قىلىشنى خالىمايمەن، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى، خاراكتېرى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، قىزىقىشلىرى بولىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كەسىپنى قىلسا، شۇنىڭدا ئۇتۇق قازىنىشقا تىرىشسىلا بولىدىغان گەپ. تىرىشتىم دەپ ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆزى چارچاپ كەتسىمۇ، قىلغۇسى بولمىسىمۇ ئۆزىنى زورلاپ نەچچە سائەت كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنۇملۇك ئىش قىلىپ، ئوقۇغاندا ئوقۇپ، دەم ئالغاندا دەم ئېلىپ، ئوينايدىغاندا ئويناپ، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ ماڭسا ئاندىن ئىجادچانلىق بىلەن پىكىر قىلالايدىغان، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنسىمۇ، بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ چارچاپ قالمايدىغان، ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالمايدىغان بولىدۇ ۋە شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

*سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشتى. مۇئەللىم بىلەن رازمەنلىك ئىلكىدە خوشلاشتۇق. شۇنداق، ئىلمنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئىشۇ چەكسىزلىك ئىچىدىن ئۆزىمىز ياقتۇرغان، ئۆزىمىز قىزىققان بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىسەك ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزسەك، دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەللىكى بىز بولۇشىمىز، مۇھىمى چەكلىك ھاياتىمىزنى ھەقىقىي مەناغا ئىگە قىلالىشىمىز مۇمكىن. بۇ قىسقىغىنە سۆھبىتىمىزنىڭ ساۋاقداشلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.*

زىيارەت ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

# هەر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بولسۇن!

چىمەنگۈل ئابدۇشۈكۈر ( 2007 )

ئىسمائىل ھېلىم( 2009 )

ئۇزاق زامانلاردىن ھالال مېھنەت ۋە ئىشچانلىقنى ئۆزىنىڭ ياشاش مىزانى قىلغان خەلقىمىز ھەر قايسى ساھەلەردە ئىز قالدۇرۇپ يول ئاچقان، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىپ ھەر ۋاقىت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىگەن. ئىلىم ۋە ماھارەت ساھىبلىرىنى ئەزىزلىگەن، ئۇلۇغلىغان. بۇ خىل ئېسىل يوسۇن بىزگە ئۇدۇم قالغان بولسا كېرەك، شۇڭىمۇ تىرىشىپ ئىلىم ئىزدىگۈمىز، ئۇتۇق قازانغانلارنى تېخىمۇ كۆككە كۆتۈرگىمىز، ھۆرمىتىنى قىلغۇمىز كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق كىچىككىنە بىر توپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىپ، ئۆزىگە خاس نەتىجىلىرى بىلەن ھۆرمەت ساھىبى بولغان مەردانە ئوغلانلار، ئىرادىلىك قىزلار دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھەربىر كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئەتراپىمىزدا نۇرغۇنلىغان ساۋاقداشلىرىمىز ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن قىممەتلىك ياشلىقنى ئويۇن-تاماشا بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە، قەلبىنى پۇشايمان بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلىدۇ. لېكىن، ئارىمىزدا ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلەپ توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىپ مەيلى ئۆگىنىش، مەيلى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئۆزىگە خاس «پۇراقلىرى» بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھەۋىسىنى، ھۆرمىتىنى قوزغىغان ساۋاقداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئاسىمە، ئامىنە، ماھىرە، چىمەنگۈلگە ئوخشاش ساۋاقداشلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

فاكۇلتېتىمىز 2006-يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئاسىمە ئىلھام كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ تىل ئۆگىنىشكە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئىنچىل كەسپىي ئوقۇش مۇكاپاتى، دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە باشقا ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، ھەممىمىزنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. تېخى يېقىندا تۈركىيەگە چىقىپ، بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدى، ھەممىمىز ئاسىمەدىن تولىمۇ پەخىرلەندۇق.

فاكۇلتېتىمىز 2007-يىللىقىدىكى ئامىنە، ماھىرەم، چىمەنگۈل قاتارلىق ساۋاقداشلار بولسا ئۆگىنىشتە سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپلا قالماستىن، مەكتەپنىڭ پۇتبول، ۋالىبول كوماندىسىغا كىرىپ، بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول، ۋالىبول مۇسابىقىلىرىدە 1-، 2- دەرىجىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي بۈيۈك نامايەندە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە «تاشىغ ئىسرۇماسا ئۆپمىش كەرەك»(مەنىسى:‹تاشنى چاينىغىلى بولمىسا سۆيۈش كېرەك›) دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى پۈتكەنىكەن. يۇقىرىقى ساۋاقداشلىرىمىز ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگەندۇ؟ ئۇلارنى قىزىقىشنى ئىنچىل داۋاملاشتۇرۇشقا زادى قانداق كۈچ دەۋەت قىلغاندۇ؟

**مۇخبىر: ئاسىمە ، يېقىندا چەتئەلگە چىقىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپسىز ، مېنىڭچە سىزنىڭ بۇ**

**قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشتا كەسپى بىلىمىڭىز ئاساسي ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە سىزنىڭ چەتئەل تىلىغا پۇختا بولۇشىڭىز مۇھىم رول ئوينىدى، دەپ قارايمەن. مۇشۇ جەھەتلەردە سىز بىلەن ئورتاقلاشقان بولساق؟**

**ئاسىمە:** بۇ قېتىمقى يىغىن مېنىڭ هاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلىرىم سۈپىتىدە خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالدى. مەن بۇ يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 24-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، ئىستانبۇل كۇلتۇر ئۇنىۋېرسىتېتى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان، تۈركولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك «خەلقئارالىق 3-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىپ كەلدىم. بۇ يىغىنغا پۈتۈن دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى 72 ئۇنىۋېرسىتېتتىن جەمئىي 249 نەپەر ئوقۇغۇچى قاتناشتى. مەن جۇڭگودىن بارغان بىردىنبىر ئوقۇغۇچى. بۇ يىغىننىڭ بارلىق چىقىملىرىنى تۈركىيە تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركولوگىيە كەسپىنى ئۆگىنىۋاتقان كەسپداشلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تۈركولوگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىكەن.

مېنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلگە چىقىپ بۇنداق چوڭ تىپتىكى ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنغا قاتنىشىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بەكمۇ هاياجانلاندىم. يىغىن جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىندا مەن «جۇڭگو ئالي مەكتەپلىرىدىكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئەهۋالى» دېگەن تېمىدا سۆزلىدىم.

يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان كەسپداش دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ كەسپىگە بولغان قىزىقىشى، قىزغىنلىقىدىن تەسىرلەندىم، كەسپىمگە بولغان مۇهەببىتىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق يىغىنلار تۈركىيەدە دائىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىز پەقەت ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ، ئۆز قابىلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرساقلا هەممىزگە ئۇنداق پۇرسەتلەر ناهايىتى كۆپ ئىكەن.

تىل ئۆگىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مىياۋ دوڭشىيا مۇئەللىمنىڭ «تىل ئۆگىنىش خۇددى تاغقا چىققانغا ئوخشاش، بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىمەن، دەيدىغان ئىرادە ۋە ئەڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدام ۋە تىرىشچانلىق بولۇش كېرەك» دېگەن سۆزى بار. ماڭا بۇ گەپ بەك تەسىر قىلغان. ئەمەلىيەتتە هەرقانداق ئىش قىلىشتا ئالدى بىلەن سۇنماس ئىرادە، ئاندىن شۇنىڭغا ماس هالدىكى تىرىشچانلىق ۋە سەۋرچانلىق ناهايىتى مۇهىم. ئادەم بىر تىلنى ئارتۇق ئۆگەنسە، بىر خىل تەپەككۇر يولى كۆپىيىدۇ، دەپ قارايمەن. كونكرېت قانداق ئۆگىنىشكە كەلسەك، هەممە ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. مەن باشتىلا تىل ئۆگىنىشكە ناهايىتى قىزىقاتتىم. ئىنگلىزتىلىنىڭ مۇهىملىقىنى هېس قىلغاندىن كېيىن بۇ تىلنى ئۆگىنىش ئىشتىياقىم تېخىمۇ كۈچەيدى. دەسلەپتە ئۆگەنگەندە كۈندە ئەتىگەن تۇرۇپ تېكىست يادلايتتىم. بۇ جەريانىدا ئېغىز تىلى، ئوقۇش، ئاڭلاش قاتارلىقلاردا تەڭ ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن. كېيىن سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزۈم قىزىققان كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. مەن تىل ئۆگىنىشنى ناهايىتى قىزىقارلىق هەم ئەهمىيەتلىك بىر ئىش دەپ قارايمەن، هەرگىز بېسىم دەپ قارىمايمەن. تىل ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئۇنى ئىشلىتىش بولغاچقا، مەن تىل ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالالايمەن دېگەن مەقسەتتە ئۆگىنىمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن چەتئەللىكلەرگە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ساۋاقداشلارغا ئىنگلىزتىلى ئۆتۈش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىمكى، مەيلى سىز قانچە تىل ياكى قانداق تىل ئۆگىنىڭ سىزنىڭ ئانا تىلىدىكى سەۋىيىڭىز ناهايىتى مۇهىم. بىر تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق، پۇختا ئىگىلىگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىش تەسكە توختىمايدۇ. چۈنكى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، گەرچە هەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن تىل دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن هەممە تىلغا خاس ئورتاقلىق بولىدۇ. بىر تىلنى پۇختا ئۆگىنىش جەريانىدا بۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا ئىگىلىنىپ بولىنىدۇ. بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى بىز ئانا تىلىمىزنى بىۋاستە، تەپسىلي ئۆگىنىمىز. شۇڭا باشقىلارغا قارىغاندا بىزدە ئەۋزەللىك تېخىمۇ كۆپ، دەپ ئويلايمەن. قالغىنى بىزنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك تىرىشىشىمىزغا باغلىق، ئەلۋەتتە!

ئاخىرىدا ساۋاقداشلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم: ئۆتكەن هەربىر كۈنىمىزدىن رازى بولغۇدەك، كېيىن پۇشايمان قىلمىغۇدەك، ئەڭ ئاخىرىدا نەتىجىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر «ئەڭ بولمىغاندا مەن تىرىشتىم، قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلدىم» دېيەلىگۈدەك ياشايلى.

**مۇخبىر: ئامىنە، سىزنىڭ پۇتبول مەيداندىكى جەسۇر قىياپىتىڭىز بىزنى تولىمۇ هەيران قالدۇرغان، سىز ئۆز قىزىقىشىڭىزنى قانداق جارى قىلدۇردىڭىز؟**

**ئامىنە:** بىرەيلەن مېنىڭ مەكتەپ قىزلار پۇتبول كوماندىسىدا ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، قېنىڭىزدا باركەن-دە، دېگەنىدى. شۇنداق، بۇ ئويۇن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ خاتىرىلەنگەنىكەن، بۇنىڭدىن 1000 يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەۋملەر «تەپۈك(تېپەك)» دېگەن ئويۇننى ئويناپ دەسلەپكى پۇتبول هەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ئېكساق كەنتىدىكى بوۋىلىرىمىز ئۇيغۇر پۇتبول هەرىكىتىنى خېلى بۇرۇنلا گۈللەندۈرۈپ، ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيە كونسۇل كوماندىلىرىنى يېڭىۋېلىپ، دۇنياۋى مۇسابىقىلەرگە چۈشكەنىكەن.

مەن گەرچە ئۇلار بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇشقا لايىق بولمىساممۇ، قىسقىغىنە ئىككى يىللىق پۇتبول هاياتىمدا هېس قىلغانلىرىم ئاز ئەمەس. مەن بۇ جەرياندا، پەقەت ئۆزۈمگىلا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندىن باشقا، بىزنىڭ قېنىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ پۇتبول روهىنىڭ بارلىقىنى، بىراق بىزدە ئىپادىلەش ۋە تىرىشچانلىقنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. ساۋاقداشلارغا دەيدىغىنىم، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇتبول روهى بىزدىمۇ داۋاملاشسۇن. بىزدە شارائىت بار، كەم بولىۋاتقىنى پەقەت تىرىشچانلىق. بىز تىرىشىدىغانلا بولساق قېنىمىزدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇتبول روهى بىزگە چىدام، غەيرەت-شىجائەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئاتا قىلغۇسى. بۇنداق بولغاندا هەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇتبول روهىنى داۋاملاشتۇرغان بولىمىز هەم ئالي مەكتەپ تۇرمۇشىمىزنى بېيىتالايمىز.

**مۇخبىر: چىمەنگۈل، سىز ئالي مەكتەپ هاياتىڭىزدىكى**

**ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىڭىز قايسى دەپ قارايسىز؟ سىزنىڭچە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ كوماندىلىرىدا ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارىي قىلدۇرۇشى يېتەرلىكمۇ؟**

**چىمەنگۇل:** ئالىي مەكتەپكە كەلگىلى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ، ئەسلىمىلىرىمۇ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» تېمىسىدىكى پائالىيەتلىرىمىز، مەكتەپ تەنتەربىيە پائالىيىتىدىكى مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە تىرىشقان چاغلىرىمىز مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇنتۇلماس بولغىنى مەكتەپ قىزلار ۋالىبول كوماندىسىدىكى ساۋاقداشلار بىلەن «بېيجىڭ شەھەرلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسى»غا قاتناشقان چاغدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلاردۇر.

فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ كوماندىسىدا ئوينىغان رولىغا كەلسەك، مېنىڭچە يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ باللار ئەمەلىيەتتە تەنتەربىيەدە ئاجىز ئەمەس. لېكىن نېمىشقىدۇر تىرىشمايدۇ ياكى كۆڭۈلشمەيدۇ. يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا سەھەردە تۇرۇپ مەيدانلاردا چېنىقىۋاتقانلارنى ھەر ھالدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، كېيىن توختىتىپ قويىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقا قىزىقىشىنىمۇ تاشلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا كەينىگە چېكىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپنىڭ ھەرقايسى كوماندىلىرىدا ئۇيغۇر باللار يوق دېيەرلىك. فاكۇلتېتىمىزنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىدىكى نەتىجىلىرىمۇ ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. شۇڭا، مەيلى سىز نېمىگىلا قىزىقماڭ، چوقۇم ئۆز قىزىقىشىڭىز يولىدا تىرىشىپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزگە پۇرسەت يارىتىپ بېقىڭ. ئىشىنىمەنكى سىز چوقۇم ئويلاپ باقمىغان خۇشاللىقلارغا ئېرىشەلەيسىز.

**مۇخبىر:** ماھىرە، سىز نېمىشقا مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا كىرىشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟ سىزنىڭچە ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئۆگىنىش بىلەن دەرستىن سىرتقى قىزىقىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلسا مۇۋاپىق؟

**ماھىرە:** مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى باللار بىلەن سومكىلىرىمىزنى ۋارتار قىلىپ توپ ئويناپتتۇق. تېلېۋىزوردا پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى بەرسە ناھايىتى قىزىقىپ كۆرەتتىم ۋە ياپيېشىل چىم مەيداندا توپ ئوينىسا قانداق بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەكتىپىمىزنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئۆلچەملىك پۇتبول مەيدانى، ۋارتار دېگەنلەر يوق ئىدى.

ئالىي مەكتەپكە كەلگەن يىلى تەنتەربىيە دەرسىدە پۇتبولنى تاللاپ ئوقۇدۇم. بۇ دەرسنى بىر يىل ئوقۇش جەريانىدا پۇتبولغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ بىلىملەرنى ئۆگەندىم ۋە دەرستىكى ئىپادەم ياخشى بولغاچقا، مۇئەللىم مەكتەپ قىزلار پۇتبول كوماندىسىغا كىرىشكە تەۋسىيە قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كوماندىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندىم.

مېنىڭچە، ئۆگىنىش بىلەن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇۋاپىق مىقداردا بولغان ياخشى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى ياقتۇرۇپ قىلىدىغان بىرەر ئىشى بولىدۇ. بەزىدە ئۆگىنىش قىلىپ چارچىغاندا، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ھارغىنلىقنى تۈگىتەلەيدۇ، كەيپىياتىنى تەڭشىيەلەيدۇ. ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، توپ ئويناش مېنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمگە تۈرتكە بولدى ۋە تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى، دەپ ئويلايمەن. بىزدە قىزىقىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشەنچلا بولىدىكەن ئۆگىنىش بىلەن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتنى ياخشى تەڭشەپ كېتەلەيمىز.

*فاكۇلتېتىمىزدا يۇقىرىدا زىيارەت قىلىنغان ساۋاقداشلاردەك ئاز-تولا نەتىجە ياراتقانلار ئاز ئەمەس. فاكۇلتېتىمىزدا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان «نان قېپى» ساۋاقداشلارنىڭ يوقلۇقى ھەممىمىزگە ئايان. لېكىن، ھەربىر ساۋاقداشنىڭ تىرىشىش مىقدارىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ، ئېرىشكەن نېسىۋىسىمۇ ئۆزگىچە تۈسلۈك بولماقتا. ئەگەر فاكۇلتېتىمىزدىكى ھەممەيلەن يۇقىرىدىكى ساۋاقداشلاردەك تولۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتەلىسەك ئۆز ئىشىمىزدىن مەلۇم نەتىجە كۆرەلىشىمىز مۇقەررەر.*



(ئاپتورلار: گېزىت-ژۇرنال بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى)

**زىيارەت ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# هىجرەت ۋە نۇسرەت

## ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي



### مۇقەددىمە

مىلادىيە 1950-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ ئەڭ قەدىمي شەھەرلىرىدىن بولغان كاشغەردە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان مەن ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي 1972- يىلى 10-ئاينىڭ 2- كۈنى هىجرەت قىلىپ، ئىلىم ئېلىش، بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن پايتەخت بېيجىڭغا كەلدىم. 1975- يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەچ، ئۆزۈم ئوقۇغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندىم.

1984- يىل 4-ئاينىڭ 4-كۈنى، ئەرەب تىلى بويىچە پىراكتىكا قىلىش ئۈچۈن، ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە هىجرەت قىلدىم ۋە باغداد، هىللە، نەجەف، كۇفە، كەربالا، دىۋانىيە، بەسرە، موسول ۋە كېركوك قاتارلىق شەھەرلەردە تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن 18ئاي تۇردۇم.

1996-يىل 10-ئاينىڭ 5-كۈنى، زىيارەتچى ئالىم سالاهىيىتى بىلەن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە هىجرەت قىلىپ، قاهىرە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام دىنى ئاساسلىرى (ئۇسۇلۇددىن) بىلىمى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم ۋە بىلىك ئالماشتۇردۇم.

1997-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە هىجرەت قىلىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-تارىخ- جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شېۋىلىرى فاكۇلتېتىدا، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى (تۈركىيەدە ‹چاغاتاي تۈركچىسى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېكىستشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەش يىل ئوقۇدۇم.

شۇنداق قىلىپ، يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ ئۈچىگە قەدىمىم يېتىپتۇ. قەدىمي جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمي مىسىر مەدەنىيىتى ۋە قەدىمي مىسسوپوتامىيە-بابىلۇن مەدەنىيىتى دۇنياغا كەلگەن نەق مەيدانلارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ، قەدىمي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئاشۇ قەدىمي هالىتى بىلەن دىگۈدەك كۆرۈش، زىيارەت قىلىش نېسىپ بولۇپتۇ. ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى ئەسىر تارىخىدا، «ئوسمانلىي ئىمپىرىيىسى» ياكى «رۇم خەلىپىلىكى» دەپ ئاتالغان بۈيۈك تۈركىيە زېمىنىدا، ئۆز ئەھلىدەك سەير ئېتىپ ياشاش تەقدىر بولۇپتۇ.

هېلىھەم ئانا يۇرتۇم كاشغەردىن ئون مىڭ يوللار ئۇزاق كېلىدىغان پايتەخت بېيجىڭدا، مۇهاجىرەتتە ياشاۋاتىمەن. مېنىڭچە، بۇ بىر قىسمەت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماڭا نېسىپ بولغان ياشام جەريانى بۇ. بىراق، مېنىڭ بۇ ياشام جەريانىم بېشىم قايغان چاغلاردا، پۈتۈم تايغان يوللاردا يۈرۈش جەريانى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئىستىكىم، ئارزۇيۇم ۋە شۇ ئىستەك- ئارزۇلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىم ئاساسىدا رويابقا چىققان ئاڭلىق هايات پائالىيىتىم جەريانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈن ئالاهىدە قىممەتكە، قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن بولسا، بەلگىلىك ئەهمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل قىممەت ۋە ئەهمىيەت ئادەتتە، مەزكۇر هايات سەرگۈزەشتىلىرىم ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك ئاچچىق ـ چۈچۈك كەچۈرمىشلەر، ساۋاق ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەجرىبىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەمدى، مەن بۇ دۇنيادا يەككە-يېگانە هالدا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن بىر قەۋم، توپلۇمنىڭ بىر نەپەر ئەزاسى بولۇپ ياشىغىنىم ئۈچۈن، ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىكى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشىم ۋاجىپ بىر ئىش بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەهمىيەتلىك يېرى شۇكى، مېنىڭ ئاساسلىق هايات پائالىيىتىم مۇئەللىمچىلىك قىلىش-ئەۋلاد تەربىيەلەش بىلەن ئۆتۈپتۇ. هېلىھەم ئالدىمدا، يۈزلەرچە ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىڭ ناياپ ئۆمۈر سەرپىياتىم بەدىلىگە جۇغلانغان بىلىملىرىمدىن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى»، «تۈرك تىلى»، «ئەرەب تىلى» دېگەندەكلەر بويىچە دەرس ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ هالدا، ئۆزۈمنىڭ مۇئەللىملىك-ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىك ۋە ئەۋلاد تەربىيەلىگۈچىلىك بۇرچۇم جەهەتىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ياش ئەۋلادلىرىمىزغا مۇهاجىرەتلىك هاياتىم جەريانىدىكى ئۇتتۇقلۇق، ياخشى نەتىجىلىك تەجرىبىلىرىم ۋە ئىبرەتلىك ساۋاقلىرىم ھەققىدە سەممىيلىك بىلەن بايان بېرىشنى باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىم بىلدىم.

يەنە دېسەم، مەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنى

ئىككى سىنىپ، ئىككى تەبىقىگە تەۋە ئىنسانلار دېيىشكە قوشۇلمايمەن، يەنى ئوقۇتقۇچىنى گويا بىلىم سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلغۇچى سودىگەر، ئوقۇغۇچىنى بولسا، ئىلىم سېتىۋالغۇچى ھاجەتمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە ۋە تەسۋىرلەشكە قارشىمەن. مەن ئوقۇغۇچىنى، يەنى مۇئەييەن غايە ئىستىكىدە بىلىم ئۆگەنگۈچى شاگىرتلارنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۆھتەرەم ئىنسانلاردىن سانىلىدىغان ئوقۇتقۇچى-مۇئەللىم كەبى قىممەتلىك ۋە ئەزىز كۆرىمەن. ياش ئىلىم تەلەپكارلىرى بولغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئىنسانغا خەيرلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ئەڭ راھەت پائالىيەت ھېسابلايمەن. ئەقىدىلىك چۈشەنچەم شۇكى، ئوقۇغۇچى- مۇئەللىمنىڭ بارلىقى ۋە تۇگىمەس بايلىقى. چۈنكى، مۇئەللىمنىڭ بىلىمى پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ خېرىدارلىقى ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئىگىلىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىلىق ئۈزۈلمەس بۇيۇك ئېقىن بولۇپ دولقۇنلاپ ئاقىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجتىھادى ۋە ئىستىداتى ئارقىلىق مەدەنىيەت بوستانىدا گۈللەر ئاچىدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجاتكارانە ئەمگىكى ئارقىلىق خەلقئالەمگە تېگىشلىك بەھرە بېرىدۇ، مەرىپەت ئالىمگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغۇچى چەكسىز يېقىملىق خۇش پۇراقلار چاچىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، ئالاھىدە ھازىرلىغان «ھىجرەت ۋە نۇسرەت» ماۋزۇلۇق بۇ چاتما ئەدەبىي خاتىرەمنى «ھىجرەت ئېڭى ۋە نۇسرەت تېگى»، «ھىجرەتتە مۇشەققەت ۋە ھىجرەتتە مۇھەببەت»، «ھىجرەتتە ئىمكان ۋە ھىجرەتتە ئىمتىھان»، «ھىجرەتتە پۇرسەت، ھىجرەتتە جىددىيەت»، «ھىجرەتتە جاسارەت-نۇسرەتكە كاپالەت»... دېگەندەك ماۋزۇلار ئاستىدا بايان قىلىپ، ياش ئەۋلادلار-شاگىرتلار بىلەن، تەقدىرداش-قىسمەتداشلار بىلەن مۇڭداشماقچىمەن، خەيرلىك بولغاي!

## بىرىنچى باب ھىجرەت ئېڭى ۋە نۇسرەت تېگى

### 1. ھىجرەت - سۈننەتتۇر

ئالدى بىلەن، ماقالىمىز تېمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن «ھىجرەت» كەلىمىسىگە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كەلدى. بۇ ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كۆچۈش، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. ئەمما مىلادىيە 571-يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلاتۇ ۋە سەللەمە دۇنياغا كېلىپ، جانابىي ھەق ئاللاھۇتەئالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن، مىلادىي 622-يىلى مۇبارەك ئىسلام دىنىنى مۇنتەشىر قىلىش ئۈچۈن، مەككەئى مۇكەررەمەدىن مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئىسلام كالىندارىدىكى « ھىجرىيە يىلى» مەيدانغا كەلدى ( مەسىلەن بۇ يىل (مىلادىيە 2010-يىل) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىغا 1429 ياكى 1430 يىل بولدى، شۇڭا بۇيىل ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا، 1429-ياكى 1430-يىلدۇر). شۇنىڭ بىلەن «ھىجرەت» سۆزىگە «دىنسىزلار ئولتۇرغان جايدىن مۇسۇلمان بار يەرگە كۆچۈش، گۇناھ مەۋجۇت جايدىن پاك يەرگە كۆچۈش» دېگەن مەنىلەر قوشۇلغان. تەبىئىكى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلاشقاندىن بۇيانقى مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى «ھىجرەت» سۆزى كەڭ ئىستىمال قىلىنىپ ئاللابۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە سىڭىپ كەتكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش» دېگەن ئاساسى مەنىدە قوللىنىپ كەلمەكتە (قاراڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» 5-توم، 584-بەت). شۇنىسى ئايان بولسۇنكى، مەن بۇ سۆزنى مەزكۇر ماقالىدا دەل مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىۋاتىمەن.

دېمەك، بىز بۇ يەردە «ھىجرەت-سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەت قىلىش-يەنى مۇئەييەن بىر دۇرۇس نىيەت بىلەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆزگە ناتونۇش بولغان يەنە بىر يۇرتقا بېرىپ ياشاشنىڭ ئادەتتىكى بىر تەۋەككۈلچىلىك ياكى «يا سايرامدىن چىقار، يا بايرامدىن» دەپ قىلىنىدىغان بىر قارامىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز گەۋدىسىگە يۈكسەك غايە مۇجەسسەم بولغان مۇقەددەس پائالىيەت، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆز ئاتلانغۇچىسىدىن غەلىبە ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەردانە پائالىيەت ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

«ھىجرەت-سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەت پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش جەريانى ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان بۇ دۇنياغا مۇشۇنداق بىر ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۆرەلگەنىكەن، ياششى كېرەك، ياشىغاندىمۇ ئىنسانغا مۇناسىپ رەۋىشتە ياخشى ياششى كېرەك. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ياشاش، ياشىغاندىمۇ بار ئىمكان بىلەن ياخشى ياشاش ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن بىر مەجبۇرىيەتتۇر.

ھالبۇكى، ياشام مەجبۇرىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، ياخشى ياشاشنى ئويلىغان ئادەم ئالدى بىلەن جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەككى، ئۆگىنىش تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ۋە زۆرۈر مەسئۇلىيەتتۇر.

شۇنداق، ئۆگىنىش-ھەر قانداق ئادەم بۇ دۇنيادىكى ياشام يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ئۆتكەلكى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسەڭ، تاللىنىپ ياشاپ قالىسەن؛ ئۆتەلمىسەڭ، شاللىنىپ سەپتىن قالىسەن؛ بوۋاقنىڭ ئانىنى ئېمىشنى بىلىشى ئۆگىنىشكە باغلىق؛ سەبىي بالىنىڭ ئۆمىلەشنى، مېڭىشنى بىلىشمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىشكە تالىق. ئەقىل يېشىدىكى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ، كامالەت تېپىپ، يېتىك بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇپ ياشيالىشى ئاداققىي جەھەتتە يەنىلا ئۆگىنىشكە قاراشلىق .

ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلىق ياشام بىلىكلىرىنى بىلىشنى، تۇرمۇش ھۈنەر-سەنئەتلىرىنى پەم قىلىشنى ۋە ھاياتلىق تېخنىكىسىنى ئىدراك قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق، دۇنيا ھاياتىنى ھەقلىق رەۋىشتە مەنىدار قىلىشنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇكى، ئۆگىنىش-ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ نەرخ-باھاسىنى بىلىشى، ئاندىن دۇنيانى، دۇنيا ياشامىنى بىلىپ يېتىشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈر قاتتىق دېتالى. ئۇنىڭغا، يەنى ئۆگىنىشكە مۇجەسسەمدۇر دۇنيادا ياشاشنىڭ، ھايات كەچۈرۈشنىڭ پۇتكۈل چارىسى، تەدبىرى ۋە ھەممە ئامالى .

ھالبۇكى، ئۆگىنىشنى خالىمىغان، ئۆگەنمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى پەرز

www.uyghurkitap.com

بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيانى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ؛ ئۆگىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ بىلمىگەن ئادەم بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تېگى-پېيى بىلەن بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھىجرەت ئىنسانغا كۆرمىگەننى كۆرسىتىدۇ؛ ھىجرەت ئىنساننى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدۇ؛ ھىجرەت ئىنسانغا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، دۇنيانى، كىشىلىك ھاياتنى مۇپەسسەل تونۇتىدۇ .

«ھىجرەت-سۈننەتتۇر» دېگەندە، ھىجرەتنىڭ بىر ھەقىقى ئىنسان ئۈچۈن بۇرچ، زۆرۈرىيەت ۋە ئۇدۇم ئىكەنلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلار-ھىجرەت ئېڭى كۈچلۈك بىر مىللەتتۇر

مېنىڭ چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر مىللىتى ئەزەلدىن تارتىپ ھىجرەت ئېڭى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئالايلۇق، مىلادى 740-يىلى، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۆتۈكەن تاغ تىزمىسى باغرى مەركەز قىلىنغان كەڭ زېمىندا «ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇرغان ئۇيغۇرلار 9-ئەسىردە، بۈگۈنكى ئانا يۇرت-شىنجياڭ رايونى ۋە ئاناتولىيە يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلغان. «چىنگىزخان ئىستىلاسىدىن ئامېرىكىغا قاچقان تۈركلەر» دېگەن كىتابنىڭ بايان قىلىشىچە، چىنگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى ( 12، 13-ئەسىرلەر ) دەۋرىدە، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار كانادا قاتارلىق ئامېرىكا قىتئەسى زېمىنىغا ھىجرەت قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، نۇرغۇن ساندىكى ماڭلايسۇيە (تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى)لىك ئۇيغۇرلار ئىلى ۋادىسى، يەتتە سۇ رايونى ۋە ئامۇ دەرياسى بويلىرىغا ھىجرەت قىلغان. جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلغان ۋە باشقىلار. بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ ئۆلمەس يىرىك ئەسىرى «تارىخى ھەمىدىي»دە، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر يەتتە شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ فولكلورىستىك پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ كېلىپ، «بۇ يەرنىڭ خەلقى مۇساپىرچىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلەتكەن. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي»، يېڭى تەرجىمە نۇسخا، ‹خاتىمە› قىسمى) ئۇنىڭسىزمۇ، خەلقىمىزدىكى «مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ نەقەدەر ھىجرەتپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. «مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزىنىڭ نەق مەنىسى «ئىنسان ھىجرەت قىلىپ باقمىغىچە مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ» دېگەن بولىدۇ مېنىڭچە.

ئىنساندا ساغلام ئاڭ بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدا ھەرىكەت بولىدۇ. ئىنساندا ھەرىكەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ياشامدا لەززەت، تۇرمۇشىدا راۋاج-روناقلىق ۋە يېڭەن-ئىچكىنىدە بەرىكەت بولىدۇ. ئىنساندىكى ئىمانمۇ، ۋىجدانمۇ، شۇنداقلا ياشام سۈپىتىگە تالىق مەيدان-مەۋقەمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ساغلام ئاڭغا باغلىنىشلىق بولىدۇ. ھالبۇكى، ھىجرەت ئېڭى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ساغلام ئاڭدۇر.

ئۇنىڭغا ساھىب بولغان ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيالىق كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدا ھامان غالىب ئىنساندۇر، ئاداققىي پاراۋان ئىنساندۇر.

ئەمما، ئىنساندا ھىجرەت ئېڭى بولغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. كاللىدىكى ھىجرەت ئېڭىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھىجرەت پائالىيىتىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جۈرئەت، جاسارەت كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار جۈرئەتسىز، جاسارەتسىز ئادەمنى «ئەزمە ئادەم» دەيدۇ. ئەزمە ئادەم بولسا، ھىجرەت قىلالمايدۇ. ھىجرەت قىلالمىغاچ ياكى قىلمىغاچ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە مىسكىنلىكتىن باشقا مەنزىرە مەۋجۇد بولمايدۇ.

ھىجرەت ئېڭىنى ھىجرەت پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆگىنىش، ئەمگەك قىلىش كېرەك. پەقەت غەيرەت-جاسارەت بىلەن ئەستايىدىل ئۆگەنگەن ۋە جۈرئەت-جاپاكارلىق بىلەن پىداكارانە ئەمگەك قىلغان ئادەملا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى ھىجرەت ئېڭىنى ھىجرەت پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بېيجىڭنىمۇ، موسكۋانىمۇ، لوندوننىمۇ، ۋاشىڭگتوننىمۇ ئىلىم بىلەن بوسۇندۇرالايدۇكى، خۇددى ئۆز زامانىسىدا كاشغەرىي بوۋىمىز باغدادنى بويسۇندۇرغاندەك!

ھىجرەت ئېڭى-قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ قېچىپ كېتىش، قېيداپ، توپلۇم-جامائەت قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چېچىلىپ كېتىش ئېڭى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ، ئاندىن ئاشۇ ئۆزى تەئەللۇق بولغان توپلۇم-جامائەتنىڭ راھەت ياشاش يولىنى ئىزدەش ئېڭى بولغانلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىك؛ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى تەئەللۇق بولغان توپلۇمنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئىزدىنىش ئېڭى بولغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. ئۆزى ئۈچۈنلا ئويلايدىغان ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئوتلايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئەمدى، ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغان ئېشەكتەك ئۆزىنىڭ تويماس گېلىنىلا ئويلايدىغان ئادەمدە توپلۇم-جامائەت غېمى، مىللەت-قەۋم تۇيغۇسى بولمىغاچ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي مەنىدىكى ھىجرەت ئېڭى بولمايدۇ .

ھىجرەت ئېڭى-ئەزىمىلىكتىن قول ئۈزۈپ، ۋۇجۇدىدىكى جاسارەتنى ئۇرغۇتۇشنى، شۈكرىۋازلىققا خاتىمە بېرىپ، ئىجاتكارانە ياشاش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشنى ئۆزىگە مەنىۋى ئۇل-ئاساس قىلغانلىقى بىلەن بەكمۇ ئەزىز. ھىجرەت ئېڭى مول ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرىۋەرمەيدۇ. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن خوشنا مەھەللىلەرگە، خوشنا مەھەللىدىن تېخىمۇ يىراق بولغان باشقا كەنت-شەھەرلەرگە بېرىپ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىپ باقىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىلغار ھۈنەر-سەنئەتلىرىنى ئۆگىنىپ باقىدۇ: جاھاننىڭ ئىلگىرىلەش، ئالغا بېسىش ئېقىنىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ باقىدۇ. قىسقىسى، ھىجرەت ئېڭى مول ئادەم رېئاللىقتىن زارلىنىپ، ھەممىدىن قېيداپ پاسسىپ ياشاشتىن، ئۆتمۈشتىن تەجرىبە، رېئاللىقتىن ساۋاق، كەلگۈسىدىن ئۈمىد ئېلىپ، ئىجاد بىلەن ئىجتىھادىي ياشاشقا ھەممىدىن بەك ئەۋزەل باقىدۇ.

ھىجرەت ئېڭى-رىقابەت، بەسلىشىش بەجايىكى قۇچاقلاشما جەڭ ھالىتىگە كىرگەن بۈگۈنكى دۇنيادا، ئەڭ يارايدىغان، ئەڭ ئەرزىيدىغان، ئەڭ زۆرۈر ۋە بىباھا ئاڭدۇركى، ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى قېنىدا بۇ ئاڭ ھامان دەريادەك ئوخچۇپ-ئوخچۇپ ئاقىدۇ!

# 3 . ھىجرەتتىن مەقسەت نۇسرەت تېڭىنى كۈتۈۋېلىشتۇر

مېنىڭ چۈشەنچەمچە، «ھىجرەت» نىڭ «ھىدايەت» (توغرا يول بىلەن مۇرادىغا يېتىش)نىڭ «ھ»سى، «جايىز» (قىلسا بولىدىغان، ئىجازەتلىك)نىڭ «ج»سى، «رىسالەت» (بۇرچ، جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك) نىڭ «ر» سى ۋە «نۇسرەت» (غەلىبە، غالىبىيەت)نىڭ «ت»سىدىن تەركىب تاپقان بىر كەلىمە بولۇشى ئەمەلىيەتتە خاسىيەت مەنبەسىدۇركى، پەقەت ھىجرەت قىلغۇچى ئىنسان پاك ئەقىدىلىك، دۇرۇس مەقسەتلىك ۋە ئېنىق نىشانلىقلا بولىدىكەن ئۇنىڭدىن نۇسرەت تېڭىنى كۈتۈۋېلىش مۇقەررەر ئىشتۇر. يەنى، ھجرت \ ھدايت + جايز + رسالت + نسرت \ توغرا يولغا چىقىش + ماقۇل، ئىجازەتلىك ئىش + بۇرچ، جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش + غالىبىيەت

ئى، ئوقۇغۇچى ئەۋلادلار! مەن مۇشۇنداق چۈشەنچە ۋە مۇشۇنداق ئەقىدىگە ساھىب بولغىنىم ئۈچۈن، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر سەپىرىمگە تولىمۇ جىددىي ۋە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىم. نەتىجىدە، ھەر بىر قېتىملىق ھىجرەتتىن چەندىكىدەك نۇسرەت قازاندىم!

يەنى ئالدى بىلەن، بېيجىڭغا كېلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىمنى بۈيۈك ھىجرەت بىلىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتىم: كەسپىم ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تەرجىمانلىق ئىدى. ئۇستازىم: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تەرجىمانلىق كەسپىدە نۇسرەت قازىنىشنىڭ ئاساسى-مۇكەممەل ئۇيغۇر تىلى بىلىمدۇر» دېدى. بۇ گەپنى قىلغان ئادەم پىداكار مائارىپچى، «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىقى»، «ئائىلە» (مەشھۇر يازغۇچى باجىن يازغان) قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نادىر سانىلىدىغان داڭلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمەشۇناس خەمىت تۆمۈر (1931-2006) ئىدى. مەن ئۇستازىمغا چىنپۈتتۇم، ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەندىم، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلدىم: ئاساسلىق زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئالىماي سەرپ قىلدىم... ئۆگىنىشىم مۇكەممەل پىلانلىق، ئىدىتلىق ۋە مەھكەم ئىنتىزاملىق ئىدى. ھەر ھەپتىدە نېمە ئىش قىلىمەن، ھەر ئايدا قايسى ئىشنى پۈتتۈرىمەن، ھەر يىلدا قايسى سەۋىيەگە يېتىشىمەن، ھەپتە، ئاي ئۈچۈن كونكرېت، يىل ئۈچۈن بولسا، ئومۇمىيەتلىك پىلانىم بار ئىدى. «دۆلەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ يىللىق، ياكى بەش يىللىق پىلانى بولىدىكەنۇ، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق پىلانىم بولمايدىكەن»-بۇ مېنىڭ ھەمىشە ئۆزۈمگە، ئۆزلۈكۈمگە ۋە ۋۇجۇدۇمدىكى نازۇك تۇيغۇمغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان قامچا سۆزۈم ئىدى. مەن ھىجرەتتىكى ھەر بىر كۈنلۈك ھايات پائالىيىتىمنى، كۈندىلىك تۇرمۇش نورمامنى ئىبادەت دەرىجىسىدىكى مۇقەددەس ۋە جىددى پائالىيەت ھېسابلىدىم: ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمىدىم؛ ھېچ بىر سائەتنى بوش قويۇۋەتمىدىم؛ ھەر ئىشقا سەمىمىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن كىرىشتىم؛ ھەر قىلغان ئىشتا، كېيىن پۇشايمان قىلمايدىغان، ئۆكۈنۈپ قالمايدىغان بولۇشقا تىرىشتىم. (ھەقىقەتەنمۇ، ھىجرەت-خالىس ئىبادەتتۇركى، ئى، ئەۋلادلار، بۇ نۇقتىغا جەزمەن دىققەت قىلغايسىلەر! )

مۇشۇنداق ئىزچىل تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، 1975-يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 30ساۋاقداش ئىچىدىن تاللىنىپ ئانا مەكتىپىمگە ئېلىپ قېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم .

ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئۆگەنگۈچى، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، مۇقىم ئىلمىي تۇرمۇشنىڭ بېشى، داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئىلىمدە تاكامۇللىشىشنىڭ غەنىمەت پۇرسىتى، نىسپىي مۇستەقىل ھاياتنىڭ بىسمىللاھىسى بىلىپ داۋاملىق ئۆگەندىم، داۋاملىق ئىزدەندىم. ئاخىرىدا، ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن كەسپىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە نىسبەتەن كامالەتكە يەتتىم؛ شۇ شاراپەت بىلەن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (300 مىڭ خەتلىك خاس ئەسەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى)، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» (500 مىڭ خەتلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئەسرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»(400مىڭ خەتلىك خاس ئەسەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ( 800 مىڭ خەتلىك تەتقىقات ئەسرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل نەشرى) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى خەلقىمگە تەقدىم ئەتتىم.

1984-يىلى، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەڭ پارلاق ۋە قۇتسال زېمىننىڭ بىرى سانىلىدىغان ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان ھىجرىتىمدە، ئۇ يەردىكى چاغلىرىمنى خۇشۇسەن ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىشقا تىرىشىش جەريانى قىلدىم. بۇ جەرياندا، پايتەخت باغداد شەھىرىدىن باشقا، ھىللە، كۇفە، نەجەف، كەربالا، بەسرە ۋە كەركۇك قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇم. خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئاددىي دېھقاندىن تارتىپ نازىر، مىنىستىرغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن تارتىپ، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى ۋە دوكتورلىرىغىچە ئارلاشتىم. شەھەر مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىش ۋە قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇ قەدىمىي زېمىندە يېڭى زامان، يېڭى دەۋر تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان خەلقنى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى، تۇرمۇش قارىشى ۋە ياشام ئۇسلۇبىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتتىم. مەن ئۇلارنى ئۆزۈم بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر قەۋمگە تەڭ قىلمايدىغان ئۇيغۇرۇم بىلەم سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە، بەزەن ئېنىق پەرقلەرنى سەزدىم. خۇسۇسەن، تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى ئەمەلىيلىك ۋە ھايات ئەقىدىسىدىكى جانلىقلىق جەھەتتە، ئىراق ئەرەبلىرىنىڭ روشەن ئارتۇقچىلىقلارغا ساھىب ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە خالىس تۇيغۇم بىلەن بايقىغانلىرىم ئاساسىدا، «ئىراق تەسىراتلىرى» ماۋزۇلۇق بەشيۈز ئورىگىنالدىن ئارتۇق خاتىرە يازدىم. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇرۇمدىكى نۇقسانلار» دېگەن تەلقىنلىق مۇلاھىزە قىسمى كېيىنكى چاغلاردا، 1996-يىلى «ش ئۇ ئا ر مەدەنىيىتى» ئېلان قىلغان «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» ماۋزۇلۇق يىرىك تەنقىدىي رېئالىزم ئەسىرىم ئۈچۈن ياخشى خۇرۇچ ۋە قۇۋۋەتلىك خېمىرتۇرۇچ بولدى.

1996-يىلى، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان

ھىجرىتىمنى ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم ـ پەننى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان قەدىمىي مىللەت مىسىرلىقلاردىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش پۇرسىتى بىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگەندىم، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلدىم. نەتىجىدە، «ئۇيغۇردا ئەبگالىق» ماۋزۇلۇق تەنقىدىي رېئالىزىم ئەسىرىمنىڭ كېيىنكى بەش بابىنى نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى «جىيزا» رايونىغا جايلاشقان قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزىپ پۈتتۈردۈم....

1997 ـ يىلى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ھازىرقى مەركىزى يۇرتلىرىدىن ئاناتولىيەگە ھىجرەت قىلىپ، ئۆز زامانىسىدا ئۈچ قىتئەگە تەۋە يىگىرمە مىليون كۋادرات كىلومېتىرلىق رايوندىكى قىرىق دۆلەتكە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ئىمپىراتورلۇق قىلغان بۈيۈك تۈركلەردىن بىۋاستە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم ۋە بۇ پۇرسەتنىمۇ ئاجايىپ ئېسىل قىممەتلەندۈردۈم. ھىجرەت پائالىيىتىمنىڭ نەتىجىسى بولغان «مۇسا سايرامى

يازغان ‹تارىخى ھەمىدىي› ئۈستىدە تەتقىقات» (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ئەسىرىم) بىلەن « ئەممە پارە تەپسىرى» (ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇپەسسىرى مۇھەممەد زەرىف قارىھاجى يازغان يىرىك تەپسىرشۇناسلىق ئەسىرى) لەرنى خەلقىمنىڭ مۇتالىئە ھوزۇرىغا سۇندۇم...

ھېلىھەم مۇھاجىرەتتىمەن، ھېلىھەم ئۆگىنىۋاتىمەن. ئۆگىنىش نەقەدەر ئېسىل پائالىيەت ـ ھە؟!...

ئۆگىنىش ھىجرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ زىننىتى ـ گۈلى؛ ئۆگىنىش بىلەن كاپالەت قۇچار ھايات نۇسرىتى!

**2006 ـ يىل 9 ـ دېكابىر (شەنبە)**

بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (9 ـ بىنا، بەش يۈز كىشىلىك زال، سائەت 15:00 تىن 18:00 گىچە)

(داۋامى كېلەر ساندا)

# پارچە خىياللار

## (نەسىر)

**ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر** (2008)

ئىنسانلارغا ھاياتلىق ماكانى قىلىپ بېرىلگەن بۇ تۇپراقلار ئۆز تېنىگە قوندۇرغان يەرشارى ئانا ئىسمىدا قەيت قىلىنغاندەكلا شار جىسىم. ئۇ قەغەز يۈزىدە تەسۋىرلەنگىنىدە چەمبەر ھالىغا چۈشىدۇ. ئىنسانلار خۇددى شۇنىڭدەك تالاي چەمبەرلەرئارىسىدا قىسىلىپ ياشاش قىسمىتىگە مەھكۇم ئىكەن. بۇ چەمبەرلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا قانچە ئۇرۇنۇپ، ئۆزىگە خاس دائىرىدە ياشاشنى ئىستىگەن ئىنسان قانچە تىرىشمىسۇن، بۇ چەمبەرلەرنىڭ بېسىمى ۋە زەربىسى ئارقىسىدا چېكىنىشكە، ئاشۇ مەۋھۇم چەمبەرلەر ئارىسىدا سىقىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئىنسان ئالىمىدىكى بۇ چەمبەرلەر، بۇ ھالقىلار شۇ قەدەر كۆپەيگەن ئىكەنكى، بوگۇننىڭ كىشىلىرى قايسى ھالقىغا كىرىپ، قايسى ھالقىدىن چىقىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرەر ئىكەن. قايسىبىرلىرى «ئارىپ»لىق دەۋاسى قىلىپ، تاغۇ ـ دەشتلەردە ئۆز دۇنياسىنى، ھالقىسىنى ياراتقاندەك قىلسىمۇ، بىراق يەنىلا ھاياتلىق، دۇنيا، مىللەت، ئېتىقادقا ئوخشاش بۇ ھالقىلارنىڭ دائىرىسىدىن چىقالمايدىكەن.

ئىنسان تۇغۇمىدىنلا بەخشەندە قىلىنغان بەزى ھالقىلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆز دائىرىسىگە ئالماقنى ئىستەيدىكەن. بىراق ھەرقاچان ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالماس ئىكەن. بەزىلىرى بۇ چەمبەرلەردىن ھالقىپ، ئۆزگە ھالقىلاردا ئۆز ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالماس ئىكەن. بەزىلىرى ئاشۇ ھالقىلار ئىچىدە دەۋرىيلىك ھالدا ئايلىنىپ، پۈتۈن زامانىنى كەچۈرەر ئىكەن.

ئاشۇنداق ھالقىلىق ئالەم ئىكەن بۇ. ياخشىراق ئويلىنىلسا، ئۇ قەدەر چىگىشمۇ ئەمەس. پەقەت مەلۇم ئىزچىللىق ۋە ھالقىلىققا ئىگە دۇنيا ئىكەن بۇ. بۇ ھالقىلار ئارىسىدا بىر خىل رەۋىشتىكى قايتىلانما ھاياتنى كەچۈرۈپ تالاي ئادەملەر ئۆتتى ـ يۇ، كەتتى. ھېچ نامى قالمىدى. ئايرىملىرى شۇ ئىزچىللىقتىن، ئايرىم ھالقىلارنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ، ئۆز ساھەسىنى يېڭى شەيئىلەر بىلەن بېزەپ، ھالقا ياراتقىنىدا، «تارىخ» دەپ ئاتالغان بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ تۇزانلىق سەھىپىلىرىگە يېزىلىشقا مۇشەررەپ بولار ئىكەن.

تەھرىرى: ئابلىمىت ئابدۇراخمان (2007)




ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىن ئايرىلىپ نەق ئون ئالتە يىل بولغاندا يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا قايتىپ كەلدىم. 1994-يىلى 7-ئايدا ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىدىن ئايرىلغان چاغدا «ئالىي مەكتەپ قوينىغا يەنە قايتىپ كېلەرمەن» دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئارىدىن 16 يىل ئۆتكەندە، 2010-يىلى 9-ئايدا تەقدىرنىڭ شاملى مېنى يەنە بىر قېتىم ئالىي مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

شىنجاڭ پېداگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا لوبەي ئىسىملىك دوختۇر شائىرنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ شېئىردا «دوختۇر، مەڭگۈ دوختۇرخانىدىن چىقالمايدىغان كېسەل» دېگەن مىسرالار بار بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ ھەسرەتلىك مىسرالار ماڭا باشقىچە تەسىر قىلغان ھەم ئۇزاققىچە ئويغا سالغان ئىدى.

شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت ئالىي مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىشىم مەلۇم نۇقتىدا مېنىمۇ مەڭگۈ مەكتەپتىن ئايرىلالمايدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن شائىر لوبەي شېئىرىنىڭ چوڭقۇر مەناسىنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكەندەك بولدۇم. يېزىش توغرا كەلسە لوبەينىڭ شېئىرىنى مۇنداق ئۆزگەرتىش مۇمكىن. ئوقۇغۇچىمەن، مەڭگۈ مەكتەپتىن چىقالمايدىغان...

لېكىن، ئالىي مەكتەپتىن چىقالمىغان بىلەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتتىن ئايرىلدىم. ئىلگىرى تەربىيەلىنىش ئوبيېكتى بولسام ئەمدى تەربىيەلىگۈچى ئىدىم. مەكتەپ قورۇسىدىن ئايرىلمىغان بىلەن رولۇم ئۆزگەرگەن ئىدى. ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت نۇرغۇن ئاق قەغەز مېنىڭ لايىھەلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا ئالىي مەكتەپتىكى مەلۇم ئۇستازنىڭ بىر ئوقۇغۇچىنى يېتەكلىشى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يول خەرىتىسى سىزىشىغا ياردەملىشىشى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا پۈتۈنلەي تەسىر كۆرسىتىدىغان، قارىماققا ئوڭاي لېكىن بەكمۇ جاپالىق، مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. مەن ئالىي مەكتەپتە مانا شۇنداق بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن ئىدىم.

ئەمدى ھاياتىم پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئۆزۈم بىلىپ-بىلمەي ئەڭ شەرەپلىك ۋە جاپالىق بىر خىزمەتنى ئۆمۈرلۈك يول قىلىپ تاللىۋالغان ئىدىم.

ئون ئالتە قېتىم قىش كېتىپ باھار كەلدى.

ئوقۇغۇچىلىق ھاياتقا ھەۋەس قىلاتتىم. ھەربىر قېتىم قىينچىلىققا ئۇچرىغاندا ئالىي مەكتەپتە ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەيتتىم.

ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ھاياتىمنى مەكتەپنىڭ تەربىيەلەش پىروگراممىسىغا ئوڭچە تاشلاپ بېرىپ، ئاقسۆڭەكتەك ئۆتكەن ئىدىم. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ مەكتەپنىڭ تەربىيەلەش پىروگراممىسىغا ماس ھالدا تۈزۈلگەن شەخسكە خاس ئۆزىنى تەربىيەلەش پىروگراممىسى ۋە پىلانى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئۆز يولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن، ھېچكىم ماڭا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى دەپ بەرمىگەن، ھەم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېخى شۇنداق بىر ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەتى شەكىللەنمىگەن ئىدى. بىز كەلگەندە قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئون يىل بولغان بۇ مەكتەپ بىزگە ئوخشاش ياش ۋە گۆدەك ئىدى.

شۇڭا مەن شەخسىي پىلانسىز بەش يىلنى ئۆتكۈزدۈم. پىلان دەۋالغانلىرىم كەلگۈسى ھەققىدىكى تاتلىق خىياللاردىن ئىبارەت ئىدى. كونكرېتلاشتۇرۇلمىغان، ئىجرا قىلىش تەرتىپى يوق مەۋھۇم خىيال ئىدى. شەخسى تەرەققىيات پىروگراممىسىز بەش يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئوقۇتقۇچى بولغان چاغدا ئاندىن ھېس قىلدىمكى، بۇ ھاياتتا سادىر قىلغان ئەڭ زور خاتالىقىم ئىكەن.

ھاياتىمنىڭ ئەڭ مۇھىم بەش يىلى نۇرغۇن ئاق بەتلەرنى قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇنداق چاغدا ئويلاپ قالاتتىم «ناۋادا ئالىي مەكتەپ ھاياتىم ئىككىنچى قېتىم قايتا كەلسە-ھە!» دەپ.

ناۋادا 17 يېشىمغا قايتىپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قايتا باشلىغىلى بولغان بولسا بەش يىللىق ھاياتىم ئۈچۈن مۇكەممەل پىلان تۈزەتتىم. بەش يىل ئىچىدە بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتىم. خىزمەتكە چىققاندا لازىم بولىدىغان قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمدە ھازىرلايتتىم.

مەيلى قايسى كەسپتە ئوقۇي، تۆۋەندىكى ئىشلارنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇراتتىم.

ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىزتىلىدا يېزىش، سۆزلەش، ئاڭلاش، ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىش سەۋىيەسىگە يەتكەن بولاتتىم.

ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمنىڭ چېكىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۈندە بىرەر چەتئەل تىلىدىكى تېكىست ياكى بىرەر

www.uyghurkitap.com

پارچە ئېسىل شېئىرنى يادلايتتىم. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى يادلىۋېلىپ، نۇتۇق قابىلىيىتىمنى ئاشۇراتتىم. زېرىككەندە ئۆزۈم يادلىۋالغان ئېسىل شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ قەلب دۇنيايىمنى بېيىتاتتىم.

ساغلام بەدەن ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقىدۇر. ھەركۈنى بىر سائەت چېنىقىپ بەدىنىمنى تەربىيەلەپ كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك بەدەنگە ئېرىشەتتىم. ساغلام بەدەن ئارقىلىق كېيىنكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلىرىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتىم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۆزۈمنى سىناپ كۆرەتتىم. مۇمكىن بولسا مەكتەپتىن چىقماي تۇرۇپ دوكتورلۇقنى تۈگىتىپ كەلگۈسى ھاياتىمغا ئاساس سالاتتىم. تېخى ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ «توفېل» قاتارلىق ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىپ چەتئەللەردە ئوقۇيتتىم...

ئالىي مەكتەپتە ئىشلەش جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم ئوقۇغۇچى بولۇش پۇرستىگە ئېرىشتىم. خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئەدەبىي تەنقىد بويىچە بىلىم ئاشۇردۇم. لېكىن، بۇ ھەقىقىي ئوقۇغۇچىلىق ئەمەس ئىدى. مەن ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئوقۇغۇچىلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلەلمىدىم. خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىلمىي كەيپىيات، ئىلمىي روھ ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلالمىدى.

بىراق، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا قايتىدىن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن ھاياتىمدىكى چوڭ بىر قەدەمنى باستىم. ئۆزۈمدىكى نۇرغۇن چالا نەرسىلەرنى تولۇقلىشىم لازىم ئىدى. مەن ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تىزىملاتتىم. قەدىمىي كەيفېڭ شەھىرىنىڭ سوغۇق بىر ئەتىگەنلىكى ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېرىپ تۈگىتىپ ئۆرۈمچىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكىم ئايان بولدى. 2008-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا رەسمىي ئوقۇغۇچى بولدۇم. قولۇمغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا قەلبىم بىر قېتىم ھاياجاندىن قۇش باچكىسىدەك تېپچەكلىدى.

لېكىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە قايتىپ كېلەلمىدىم. ئىككى بايغا بىر مالايلىق ھاياتىم باشلاندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىقا بېرىپ ئىككى سائەت دەرس ئاڭلىسام، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا قايتىپ يەنە ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تولۇق ئوقۇغۇچى بولۇش پۇرستىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىم.

ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن ھەش-پەش دېگۈچە ئاسپىرانتلىق ھاياتىم ئاخىرلاشتى. مەن ھاياتىمدىكى يەنە بىر زور قارارنى چىقاردىم. يېڭى نىشان دوكتورلۇق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش ئىدى.

ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ 2010-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدۇم. ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتى يۆنىلىشى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندىم. قايتىدىن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىدىم. 1989-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇغۇچى بولغاندەك مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇغۇچى بولدۇم. تاماق كارتىسىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدىن تۇنجى قېتىم تاماق يېگەندە ئوقۇغۇچى بولغانلىقىمغا ھەقىقەتەن ئىشەندىم.

ئەمدىكى مەن ئېنىق پىلانى ۋە نىشانى بار ئوقۇغۇچى ئىدىم. ھەربىر مىنۇت ۋە سېكۇنتىمنىڭ ھېسابى بار ئىدى.

مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى سەرخىل كىتابلار، مەكتەپنىڭ يېنىدىكى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانا-دۆلەتلىك كۇتۇپخانا مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغۇم كېلەتتى. لېكىن، ئۇنچىلىك ۋاقتىم، زېھنىي كۈچۈم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى كىتابقا پەرۋانىدەك ئۇراتتىم.

ئوقۇغۇچىلىق ھاياتقا قايتا ئېرىشتىم. لېكىن، بۇ 16 يىل ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلىق ھايات ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەنە ۋە نىشانلىرى بار ئىدى. مۇھىمى مەن بۈگۈنكى نېمە ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆزىنى قانداق تەربىيەلەش، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، خۇشاللىققا قانداق ئېرىشىش، رىقابەتلىشىپ ئۆگىنىشتىن ھوزۇر ئېلىش روھىغا ئىگە بىر ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئۈچ يىللىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم ھەققىدە ئىنتايىن ئېنىق نىشان ۋە يول خەرىتەم بار ئىدى.

ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بىر نۇقتا، مەن ئوقۇۋاتقان بۇ مەكتەپ مۇكەممەل ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، مەكتەپتىن بىر خىل ئىلىم ۋە دېموكراتىيە ھاۋاسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر جاي ئىدى. جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ تەپەككۇرى مۇشۇ مەكتەپ ھويلىسىدا ئۆز-ئارا ئۇچرىشىپ ئىدىيە ئالماشتۇراتتى. بۇ نۇقتىدا بۇ مەكتەپ جۇڭگودىكى ھەرقانداق مەكتەپتىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. ئادەم بۇ يەردە ئۆزىنى قانداق تەربىيەلەيمەن دېسە، شۇنداق تەربىيەلەيدىغانغا ئىمكان بار ئىدى.

ئۇستازلىرىم ئىنتايىن پىشقان، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپلا قالماي، ھايات ھەققىدە ئۆزىگە خاس يەكۈنگە ئىگە، ئادەمنى قانداق نىشانغا يېتەكلەشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. ساۋاقداشلىرىم ياش ۋە زېھنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئېنىق نىشانغا ئىگە، قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بەرنا يىگىت ۋە نازىنىن قىزلار ئىدى. ياتاقداشلىرىم شۇنداق تىرىشچان ۋە ئۆزىنى ئىلىم ئۈچۈن بېغىشلىغان بەردەم يىگىتلەر ئىدى.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2010-يىللىق دوكتورانتى)

تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى

# مەۋجۇدلۇق ۋە مەنە

ئابابەكرى ئابدۇرەشىد



مەۋجۇدلۇق شەيئىلەرنىڭ ھېس قىلىشقا بولىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋي تەرەپلىرىنىڭ مۇجەسسىمى. ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە كونكرېتلىشىدۇ ۋە روشەنلىشىدۇ. دۇنيا مەئىشەتلىرى ئىچىدىن مەنە ئىزدەش جەريانى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنسان ھاياتىغا پەرقلىق تامغا باسىدۇ. مەنە ئىزدەشتىن ئىبارەت ھاياتلىق سەپىرىدە ئوخشاش مەۋجۇدلۇقتا ئوخشىمىغان مەنە زاھىر بولىدۇ. مەۋجۇدلۇق ئومۇمىي بولسىمۇ، مەنە كۇنسېرى خاسلىشىدۇ، مەنىنىڭ قانداق بولۇشى تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خۇددى ئانا ئۇرۇقتىن ئۇندۇرمە بولغان بىر پىلەكتە مىڭ خەمەكنىڭ چۈشكىنىگە، بەزى خەمەكلەر تالاش-تارتىشتا قالغان بولسا، يەنە بەزىلىرىگە ھېچكىممۇ كۆز-قىرىنى سېلىپمۇ قويمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا دەلىل كۆپ. ئالايلۇق، ھەممە كۈلىدۇ، ئەمما كۈلكىدە ئىپادىلەنگەن مەنە ئوخشىمايدۇ. ھەممە سۆزلەيدۇ، ھالبۇكى، تىلىدىكى مەنە ۋە پاساھەت ھامان پەرقلىق بولىدۇ. ھەممە ئىجتىھات قىلىدۇ، ئەپسۇسكى، ئىلىمدىن كەلگەن ئاپەت، بەزىدە ئۇنىڭ ئامتىدىن زور بولىدۇ.

ئەمدى بىز تەرەققىيات چۈمبىلى ئاستىدىكى تىلىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا ئۇلىپەت بولۇپ، مەۋجۇدلۇق ۋە مەنىنىڭ زىددىيەتلىك مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

## تىلىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى

تەرەققىياتنىڭ مۇبارەك قەدىمى دۇنيانى ئۆزگەرتتى. ئىنسانىيەت ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەتلەندى. دۇنيا كېچىيىش بىلەن بىرگە ئۈزلۈكسىز تارايدى. ئاڭ چېگرالىرى بۇزۇپ تاشلاندى. كىشىلەر ئۆتمۈشتە ھەتتا تېخى تونۇگۈنلا قوبۇل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان شەيئى، ھادىسىلەرگە ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا، ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن خۇشاللىق بىلەن قەلب دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن بېرىشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا» نەرسىلىرنى كۆز-كۆز قىلىشىدىغان بولدى.

تەرەققىيات ئىنساننى ئۆزگەرتتى. بۈگۈنكى ئىنسان تۈنۈگۈنكى ئىنسان ئەمەس. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى «سادda، نادان» ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ. غەربنىڭ «ئەقىل پەرىزات بېلىقى» ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەپسانىلىرىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئىنسان ئۆزىدىن گۇمانلاندى. ئۆزلىرىنى ساراڭ، دەلدۈش، بىمەنە، ھايۋان ... قاتارلىق ھەرخىل ناملاردا ئاتاپمۇ بېقىشتى. تۇگۈنلەر يېشىلمىدى، قىياسلار ئاخىرلاشمىدى. ئۆتمۈش بىلەن تۈنۈگۈن، تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانچە چوڭايدى. ئىنسان ئۆزگەردى. ئىنساننىڭ ئېڭى، خاھىشى ئۆزگەردى، ئۆتمۈشنى، ئۆزىنى ئىنكار قىلدى. ئۆزگىرىش چاقماق تېزلىكىدە تاماملانماقتا. بۈگۈندە تۈنۈگۈندىن ئەسەر يوق.

مەن (تىل) ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قورالى. بۇ ئېنىقلىما فورمۇلا سۈپىتىدە ھەممىلا كىشىنىڭ ئېدىيەسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندى. ۋەھالەنكى ئاتالمىش ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا شەك كەلتۈردى (بۇ يەردىكى ئۆزگىرىش تىل ساپلىقىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كۆرسىتىدۇ). بۈگۈنكى مەن باشقا بەختسىزلەر (ئەبجەشلىشىۋاتقان تىللارنى كۆزدە تۇتىدۇ)گە ئوخشاش ئۆز يولۇمدىن ئايىنىدىم، ۋەزىپەمنى ياخشى ئادا قىلالمىدىم. ئەمما بۇنى تامامەن مەندىن كۆرسەڭلار توغرا بولمايدۇ، مەن ھەم ئامالسىزمەن. كىممۇ مېنى «ئادەم»دەك بۇ تۇترۇقسىز «بىمەنە» مەخلۇقنىڭ قورالى بولۇپ قالسۇن، دەپتۇ.

بەزىدە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىش قورالى ئەمەس، ئالداش؛ ئالاقە قىلىش قورالى ئەمەس، ئالاقىلەرنى ئۈزۈش قورالىغا ئايلىنىپ قالىمەن. مەندىن پايدىلىنىپ قىلىنىۋاتقان گۇناھلار، ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئەبجەشلىكلەر ۋە ناپاكلىقلار، ھاقارەتلەردىن نومۇس ھېس قىلىمەن. ئەمما ماڭا نېمە ئامال؟!

ئويلىغانسېرى ئىچىم ئاچچىققا تولىدۇ، چىدىغۇسىز ئازابلىنىمەن. ئۇيغۇرتىلى – «ئۇيغۇر» ئاتالغان ئەل، قەۋم، مىللەتنىڭ تىلى ئىدىم. تارىختا ئات تۇيىقىدىن ئوت چاچرىتىپ، بارچە ئەلگە باش پاناھ بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا، تۇمىدلەرنىڭ تىلى، شانۇشەۋكەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان ئوغۇز، قاراخان، سەئىدنىڭ تىلى؛ زامانىسىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىدىن بولغان، ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتقان يۇسۇپ، مەھمۇد، ئامانىسالارنىڭ ساپ تىلى ئىدىم. بۈگۈن قېنى مېنىڭ ساپلىقىم!؟

بۈگۈنكى كىرزىس يالغۇز مېنىڭلا كىرزىسىم ئەمەس، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىم، دوست-يارەنلىرىم ئوخشاشلا ئۆزى بىلىپ-بىلمەي خەۋپتە قالدى، خارلاندى. ئىنسان ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان تىللارغا، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بولۇۋاتقان تىل تەبىئىتىگە، تىل خاسىيىتىگە يات بولغان ئىشلارغا بىزنىڭ ئەسلا زوقىمىز يوق. بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىز ۋە بىز يەتمەكچى بولغان مەنە ئىنسان قولىدا ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىلدى.

مانا بۇ تىلىنىڭ كۆنىمىزدىكى مەۋجۇدلۇقى. بۇ كونتېكىستتا تىل باشتىن-ئاخىر مەۋجۇد بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى كاپالەتكە ئىگە بولمىدى. تىل ئاشۇ خىل ناچار مەۋجۇدلىقى سەۋەبلىك ۋىجدان ئازابى تارتتى، بارلىقتىن كۆرە يوقلۇقنى ئەۋزەل بىلدى. مەنە مەۋجۇدلۇق مۇددىئاسىغا ماس كەلمىدى، مەۋجۇدلۇق ۋە مەنە ئۆز كونتروللۇقىنى، ئۆزلۈكىنى يوقاتتى.

پەيلاسوپلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، ھاياتنىڭ مەنىسى قارمۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلار

قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە بولۇرمىش. ئۇنداقتا، ھەرقانداق بىر مەۋجۇتلۇق ئۆز مەنىسىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنىڭ قارشىسى بىلەن قارشىلىشى كېرەكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە چوقۇم بۇنداق بولۇشى ناتايىن. زىددىيەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلالىغان، ئۇنىڭدىن يۇلقۇنۇپ چىقالىغان، ئۆزى ۋە ئۆزگىنى تەڭ ئېتىبارغا ئالغان مەۋجۇدلۇقتا چوقۇمكى گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سېلىنغان بولىدۇ. بىرنى ياخشى قىلغان ئىنسان ھەر ئىككىلىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا قادىر بولالامسۇ؟

## ئىككى خىل يىغا

يىغا باشقا ئالەمشۇمۇل ئىزگۈلۈكلەر قاتارىدا ئىنسانغا بېرىلگەن يەنە بىر چوڭ نېمەت. يىغا كۈلكىنىڭ قارشىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قېرىندىشى. بەزىدە كۈلكە بىلەن ئىزھارلىنىدىغان خۇشاللىقلار يىغا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يىغا ھەرخىل بولىدۇ. ئىنسان ھەر سەۋەبتىن يىغلايدۇ، ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ۋايسايدۇ. بىراۋلار قىيالماسلىق ئىچىدە ھۆڭ-ھۆڭ يىغلىسا، بىراۋلار دەرد-ھىجران ئىلكىدە ئەلەملىك ئۆرتىنىدۇ. بەزىلەر جاپا-زۇلۇمدىن قانلىق ياش تۆكسە، يەنە بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەت ھاسىلاتلىرى سەۋەبلىك خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن كىرپىكنى نەملەيدۇ.

يىغا مۇقەددەستۇر. ئۇ قەلبى ئازابقا تولغانلارغا شىپالىق مەلھەمدۇر. يىغا بەزىدە ئاماللىسىزلىقنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشنىڭ «ئاماللىسىز» چارىسى. بىر كىملەر يىغلايدۇ، ئۇنىڭدىن تەسەللى ئالىدۇ، يىغا ئارقىلىق غەم-قايغۇ، روھى ئازاب، تۇرمۇش ۋەھىمىسى، بارچە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلغاندەك، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھەممە-ھەممىنى «يىغا پەرىشتىسى» يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ يىغىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە باھاسى ئوخشىمايدۇ. ۋاھالەنكى مەن يىغىلار ئىچىدە ئىككى خىل يىغىنى ئالاھىدە چوڭ بىلىمەن، ئۇنىڭغا تەلپۈنىمەن. بارچە پاك ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەشۇ ئىككى خىل يىغا ساھىبى بولالىشىمنى دائىما ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسى پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق كۆز ئېچىش يىغىسى-ھاياتلىق يىغىسى.

ھاياتلىق يىغىسى-تۇغۇلۇش يىغىسى، بىر يېڭى ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا تىنچ-ئامان كۆز ئاچقانلىقىنىڭ بېشارىتى. يېڭى جاننىڭ دۇنيا سۈرەنلىرىدىن قورقۇش، ئەتراپتىن ئەيمىنىش ئىچىدىكى تۇنجى نىداسى. بۇ يىغا ئىزگۈلۈكتۇر. ئۇ ھاياتلىققا ئىنتىلگۈچى، يېڭى ھاياتقا تەقەززا بولغۇچىلارغا چەكسىز خۇشاللىق، بەخت ئاتا قىلىدۇ. بوۋاق يىغلايدۇ، باشقىلار كۈلىدۇ، خۇشاللىنىدۇ، يەنە كېلىپ يىغا تۈپەيلى كۈلىدۇ. مانا بۇ يىغا تۇغقان كۈلكە، خۇشاللىق ۋە كۈلكە بىلەن قۇتلانغان يىغا.

يەنە بىر خىل يىغا بار. ئەمما ئۇ ھەممە كىشىگە تەۋە بولىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغانلار، ئۇنىڭغا سەۋەب بولالايدىغانلار تولىمۇ، تولىمۇ ئاز بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىق ئۆزنىش جەريانىدىكى ئاخىرەت يىغىسى-قىيالماسلىق يىغىسى.

ئىنسان دۇنياغا كېلىدۇ، ياشايدۇ، ھامان بىر كۈن ھەممە بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەت سەپىرىگە يول ئالىدۇ. بەزىلەر ياخشى ياشاپ، ئەل-كۈن ئۈچۈن ئەجىر-قان تۆكسە، بەزىلەر ناچارلىقتا سازايى، ئەل-يۇرتنىڭ قازايى بولىدۇ. تۇغۇلغاندا تەڭ ئىنسان، دەۋر ئالدىدا تەڭ بولالمايدۇ. ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ياشايدۇ. مەنزىللىرىگە يەتمەك ئۈچۈن تورۇق ئېتىغا ئاچچىق قامچا ئۇرىدۇ.

«تۈگمەيدىغان ئىش، ئاخىرلاشمايدىغان زىياپەت» بولمىغىنىدەك، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئالتە كۈنلۈك سەپىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تامام بولىدۇ. روھ تەندىن ئاجراپ، «باراۋەرلىك» قايتىلىنىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ باراۋەرلىك ساھىبلىرىغا بولغان مۇئامىلىسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ دۇنيادىن تېزراق يوق بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ، ئاچچىق كۈلسە، بەزىلەرنى ياقا چىشلەپ ئۆزىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئېچىنىدۇ.

قىيالماسلىق يىغىسى مەلۇم مەنىدىن ئۆزىتىلگۈچىگە ئېيتىلغان مەدھىيە، ماختاش. ئۇنىڭغا پەقەت دۇنيادا ياخشى ياشىغان، بىر ئۆمۈر ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا كۆيۈپ كۈل بولغان، بارلىقىنى باشقىلارنىڭ بەختىگە ئاتىغان، ھالال يەپ، ھالال ياشىغان خالىسلارلا نائىل بولالايدۇ. بۇ چاغدا ئەل-كۈن قىيالماسلىق ئىلكىدە يىغا-زار قىلىدۇ. باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغۇچى ئۆلۈم ساھىبى خاتىرجەملىك ۋە مەمنۇنىيەت ئىچىدە خۇشاللىنىدۇ. ئۆزىدىن، ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلىرى، يۇرتداش، ۋەتەنداشلىرىدىن سۆيۈنىدۇ. بۇ يىغا ياخشىلار روھىغا ئاتالغان قەسىدە بولۇپ، ئاۋام ئوت يۈرەك ئوغۇل-قىزلىرىدىن ئايرىلغانلىقىغا ھەسرەتلىك ياش تۆكىدۇ. ھاياتلىق يىغىدا تۇغۇلمىلانغان خۇشاللىق بىلەن خاتىملىنىدۇ.

ھاياتلىق يىغا بىلەن باشلاندى. باشقىلارغا خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلدى. يەنە شۇ ھاياتلىق يىغا ئىچىدە خۇشال ھالدا دۇنيادىن ئايرىلدى. يىغا بىلەن باشلانغان ھايات، يىغا ئىلكىدە ئاخىرلاشتى. ھەممە يىغلاپ تۇغۇلدى، ھالبۇكى، يىغلاپ تۇغۇلغان ھەممە باشقىلارنى يىغلىتىپ كېتىشكە قادىر بولالمىدى. مانا بۇ يىغىدىن ئىبارەت بىر مەۋجۇدلۇقتا ئىپادىلەنگەن پەرقلىق مەنە. مەۋجۇدلۇق ئۆزگەرمىدى-يۇ، ئۇنىڭ مەنىسى، يىغلايدىغانلار ئۆزگەردى.

مەۋجۇدلۇق بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ئەنە شۇ رەۋىشتە داۋاملاشماقتا. مەۋجۇدلۇق سۇبيېكتى مەۋجۇدلۇق مۇھىتىنىڭ توختاۋسىز زەرەتلىشى ۋە رەھىمسىز خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. مەنە ئۆز ئەقىدە-ئىخلاسىغا زىت ھالدا ئۆزگەرمەكتە، ئۆزگەرتىلمەكتە. ئوخشاش مەۋجۇدلۇقتا ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئۆزگەرمەكتە، پەيدا بولماقتا، گۈللەنمەكتە، گۇمران بولماقتا، يوقالماقتا. پەقەت بىر نەرسە ئۆزگەرمەي كەلمەكتە، ئۇ بولسىمۇ مەۋجۇدلۇقتا ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولمىش «ھەقىقىي مەنە».

مەۋجۇدلۇق ئادەتتە ئىككىلىك ئۆلچەمدە — بار، يوقلۇق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا مەيلى قانداق ئادەم، شەيئى بولسۇن ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى بارلىق— ھايات، يوقلۇق — ئۆلۈمنىڭ بىرى بولىدۇ. ئەمما مەنە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىسى كۆپ خىل بولىدۇ، ئوخشىمىغان باسقۇچ، ئوخشىمىغان شارائىت پەرقلىق مەنىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا «ھەقىقىي مەنە» ھامان بىر بولىدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىدا ئەمەس، مەنىسىدە بولىدۇ. پەقەت ھەقىقىي مەنىلىك ئۆتكەن ھاياتلار، مەۋجۇدلۇق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ، ئەكسىچە بولغىنى مەۋجۇدلۇقنىڭ قارشىسى بولىدۇ، خالاس!

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2010-يىللىق دوكتورانتى     تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى




دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۆز-ئارا چاقچاقلار بىلەن سىنىپقا ماڭدى. يېنىدا پەقەت دوستى رەپقەتلا قالدى. ئوغۇللار ئاز بولسىمۇ تونۇغۇن كەچتە سورۇن قىلىشىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەشتى. قىزلار بولسا دۇشمەنلىرىنى ئۇزاتقاندەك «خوش، ياخشى ياشاڭ» دەپ قويۇشۇپلا كېتىپ قېلىشتى. ئۇ بۇلارنى ئويلىسىلا قەلبى خۇددى كىگىزچىلەر چۈۋىق بىلەن ماز تىتقاندەك تىتما-تىتما بولۇپ كېتەتتى.

- مەردان، مەن سېنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قوياي،-دېدى رەپقەت. مەرداننىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلىق كەيپىيات ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئىككى يىل ياشىغان ئالىي مەكتەپتىن بىراقلا ئايرىلىش ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيتتى.

- بولدىلا، ئۆزۈملا كېتەي. سېنىمۇ ئاز ئاۋارە قىلمىدىم.

- بۇنداق دېمە، ئاداش. بۇندىن كېيىن كۆرۈشەلەمدۇق، بىر خۇدا بىلىدۇ!-ئۇنىڭ بۇ گېپى سەل ئۇرغۇلۇق چىقىپ كەتتى.

- مېنى ئەمدى دوزاخقا كېتىدۇ دەۋاتامسەن؟ دېمىسىمۇ مەن سېنى ئىزچىل ئەڭ يېقىن ئاغىنەم دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا ھاياتلا بولىدىكەنمەن سېنى ئەسلەپ تۇرىمەن. بولدى، سىنىپقا كىرىپ كەت. مەن مەكتەپنى ئاخىرقى قېتىم يالغۇز ئايلىنىۋالاي،-مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى.

- ئاداش، بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئەگەر دادام قوشۇلسا مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمايتتىم. ھازىرقى زاماندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىرەر ئىش تەۋرىتىۋەتكەنلەردىن قانچىلىك كۆردۇق؟ ھازىر سېنىڭ ئەڭ قەيسەر بولىدىغان، كەلگۈسىڭ ھەققىدە ئويلىنىدىغان ۋاقتىلىرىڭ.

- دېگەنلىرىڭنى چۈشىنىمەن. بولدى، سىنىپقا ماڭغىن. پويىزغا چىقىپلا ساڭا تېلېفون قىلىمەن.

- بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ مەيلى ئەمسە.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. مەردان رەپقەتنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا رەپقەت كۇتۇپخانىغا تولا قاتىرسا مەردان ئۇنى «كىتاب خالتىسى» دەپ چىشىغا تېگەتتى. ئۆزىدەك ئىچىپ-چېكىشكە دەۋەت قىلىپ ھاردى بولغاي، ئاخىرىدا بولدى قىلدى. لېكىن، ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

مانا، ئۇ ئىككى يىل ياتقان ياتاق بىناسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا بۇ بىناغا تويۇپ قارىۋالمىسا بولمايدۇ. بەلكىم، مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇبارەك قەدىمى بۇ مېھرى سوغۇق شەھەرگە قاچان قەدەم ئالىدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئاۋۇ 4-قەۋەتتە ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپ ئىدى. كەچ بولدىمۇ بىر-ئىككىدىن كىرىپ «ئاداش، يۈرە، ئىچىپ كىرىمىز، بۈگۈن بەك زېرىكىپ كەتتۇق» دېگىنىچە ئۇنى مەكتەپ سىرتىدىكى قاۋاقلارغا تەكلىپ قىلاتتى. «قېنى، شۇ دوستلىرىم» دېدى ئۇ ئىچىدە «باشقا كۈن چۈشكەندە ھېچقايسىسى يوق، مېنى مۇشۇ كويلارغا سالغان شۇلار ئىدىغۇ؟»

ئۇ چامادىنىنى سۆرەپ مەكتەپ ئىچىنى قايتىدىن قېنىپ كۆرۈۋېلىشقا ماڭدى. تۈيۈقسىز چامادىنىنى سۆرىگەن ھالدا تونۇشلار ئۇچراپ قالسا سەت تۇرمىسۇن دەپ ئويلاپ چامادىنىنى بىنا باشقۇرغۇچىغا قويۇپ ئاندىن ئايلانماقچى بولدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاچا. ماۋۇ چامادانغا قاراپ قويىسىڭىز بوپتىكەن، بىر سائەتتىن كېيىن ئېلىۋالىمەن.

- ھوي، 7-قەۋەتتىكى مەردانغۇ سىز. نېمە! باشقىلار ئەمدى دەرسكە كىرىشكەندە نەگە ماڭاي دەيسىز؟-بىنا باشقۇرغۇچى ئايال ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھالىسىرىغان چىرايىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

- نېمىسىنى دەي سىزگە. مەن، مەن... شۇ...

- ئادەتتە گاچ-گاچ گەپ قىلىدىغان يىگىت بۈگۈن ئەجەپ تىلىڭىزنى چايناپ كەتتىڭىزغۇ؟

- دادام ئاغرىپ قاپتىكەن،- ئۇ بىر تۇرۇپ يالغان ئېيتقىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەگەر دادىسى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى

ئاڭلىسا چوقۇم ئارقىسىغا ئۆچۈپ كېتەر. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا دادىسى پۈتۈن مەھەللە جامائىتىنى چاقىرىپ، بالىسىنىڭ ساق-سالامەت ئوقۇپ كېلىپ، ئۆز ئۇمىدىنى ئاقلىشىنى خۇدادىن تىلەپ دۇئا ئالغان. ئىست! دادىسىغا نېمىمۇ دەر ئەمدى.

ئۇ ئايالغا جاۋاب بەرمەستىن ئاستا سىرتقا ماڭدى. بۈگۈن هاۋا ئوچۇق ئىدى. هېكايىلەردە تەسۋىرلىنىدىغان قارا بۇلۇت، بوران-چاپقۇندىن ئەسەر يوق. بۇ ئۇنىڭغا باشقىچە بىر بېشارەتتەك تۇيۇلدى. بەلكىم، ئاسمانۇ-زېمىن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جەننەتتىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا تەتۈر قارىشىلىشىنىڭ قانچە يۈزسىزلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك.

ئۇ مەكتەپ ئاشخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇسسۇل ئىنىستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى گۈللۈككە كەلدى. بۇ ئادەتتىكى گۈللۈك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببەت هېكايىسى مۇشۇ يەردىن باشلانغان. ياشلىقنىڭ ئەڭ شېرىن پەيتلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەن، تومۇرغا پاتماي ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قانلىرى مۇشۇ يەردە ئاققان. ئەنە، ئاۋۇ گۈللۈك مەركىزىدىكى كۆك سىرلانغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنى باشقىلار ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەلىسمۇ، ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ.

1

- سەنمۇ كېچىلىرى «مەردان، مەردان» دەپ ئويغىنىپ كېتەمسەن؟

گىرىمسەن چىراق يورۇقىدا پەقەت مەردان بىلەن گۈلسۈمنىڭ چىرايىنىلا پەرق قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇلار خۇددى غەرب رەسساملىرى سىزغان ماي بوياق رەسىمدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوبرازىدەك رومانتىك كۆرۈنەتتى.

- سەنچۇ؟- گۈلسۈم خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ ئۇنىڭغا سوئال ياندۇردى.

- بۇنى دېيىش كېتەمدۇ؟ مەن چۈشۈمدە ياكى ئوڭۇمدا بولسۇن ئىسمىڭنى چاقىرىپ ساراڭ بولاي دېدىم.

- مەسخىرە قىلمىغىن-ھە! تۇنۇگۈن كېچە ئىسمىڭنى تووۋلاپ جۆيلۈپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئاستى كارىۋاتتىكى ئەلانۇر ئويغىنىۋەتتى.

- مېنى نېمىشقا چاقىردىڭ؟- مەردان ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ سورىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ هېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

گۈلسۈم مەسۇم كۆزىنى يىراققا ئېلىپ قاچتى. قارا بۇلغۇن تېرىسىدەك كۆزلىرىدىن مۇنچاقلار تۆكۈلدى.

- ئاپلا، نېمىگە يىغلايسەن، ئەلانۇر ساڭا بىر نېمە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟

- ياق،- ئۇمچەيدى گۈلسۈم،- چۈشۈمدە سەن مېنى تاشلاپ مەكتەپتىن كېتىپسەن. ساۋاقداشلار مېنى ئورىۋېلىپ، مەسخىرە قىلىپ قاقاهلاپ كۈلۈۋاتقىدەك.

- مۇشۇلىما، ۋاي-ۋۇي، مەن دېگەن سېنى ئالىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئوغۇل بالا. سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. خاتىرجەم بولە. چۈشكىمۇ ئىشىنىپ يىغلاپ كەتكىنىنى.

- راستىنلا كېتىپ قالساڭ قانداق قىلىمەن.

- خۇدايىم بۇيرۇسا كېتىدىغان ئىش بولىسىمۇ بىللە كېتىمىز. بولدى، ساڭا مېنىڭ سېنى چاقىرىپ ئويغىنىپ كەتكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرەي-ھە!

مەردان گۈلسۈمنى باغرىغا باستى. قېنىپ-قېنىپ چىچىنى پۇرىغاندىن كېيىن، ئاستا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- ئىككىمىز سىنىپتا ئۆگىنىش قىلىۋاتقۇدەكمىز. تۇيۇقسىز ساڭا تېلېفون كەلدى. سەن يۈگۈرگەن پېتى سىرتقا ماڭدىڭ. شۇنىڭ بىلەن مەن «گۈلسۈم» دەپ تووۋلاپ پۈتۈن بىنانى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىپتىمەن.

- ۋۇ، ساراڭ. مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلامسەن؟

ئىككەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. گۈلسۈم قىزلارچە نازلىق بىلەن مەرداننى يېنىك مۇشتىلىدى. مەردان تۇرۇپ-تۇرۇپ گۈلسۈمنى قۇچاقلاپ باغرىغا باساتتى...

2

مانا، بۇ ئورۇندۇق شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. پەقەت، ئىلگىرىكى نازلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، قىزىلگۈلدەك هۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈلسۈملا يوق. قىزلار شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. يىگىتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدىغان، قولى پۇل كۆرگەندە يۈز ئۆرۈيدىغان، باشقىسىنى ئۇچراتسا تۆگىدەك كارۋان تارتىپ كېتىۋېرىدىغان قىزلار كۆپ ئوخشايدۇ. گۈلسۈم شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولسا كېرەك.

«ئاكا، ئۇچۇر كەلدى» ئۇنىڭ تېلېفونى قىسقا ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. «دادامىدۇ، ئەمدى نېمىمۇ دەرمەن. ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم دېسەم، قانداق بولۇپ كېتەر» ئۇ ئاستا تېلېفوننى ئاچتى. «مەن گۈلسۈم، مېنى كۆرەر كۆزۈڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن. ساڭا ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ خوش دېيەلمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈم سىنىپتا بولسامۇ، سەن خۇددى ئىشكىنى ئېچىپلا كىرىدىغاندەك تۇيغۇدا يۈرىكىم ئېغىپ، ئىشىك تەرەپكىلا تەلمۈرۈۋاتىمەن. ئاخىرىدا، ساڭا شۇنى ئېيتايكى، ئالدىڭدا دېيىشكە پېتىنالمىغان گەپلىرىمنى قەغەزگە يېزىپ، كۆك ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى ئەتىرگۈلنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويدۇم. بۇ خەتنى مېنى ئەپۇ قىلغان تەرزدە ئوقۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئاھ گۈلسۈم! سەن نېمىدېگەن بىچارە، خۇددى مەندەك. بۇ قەغەزگە نېمىلەرنى پۈتكەنسەن. بۇ گەپلىرىڭ يۈرىكمنى يەنە بىر قېتىم قوچۇۋېتەرمۇ، يا قەلبىمگە قايتىدىن مۇھەببەت ئوتى ياقارمۇ؟ مەردان تەسۋىرلىگۈسىز نامەلۇم تۇيغۇ ئىچىدە گۈلسۈم قەيت قىلغان جايدىن خەتنى كولاپ چىقىپ، ئاستا ئاچتى:

«ئالدى بىلەن ماڭا چىن مۇھەببىتى بىلەن كۆيۈنگەن ئىسمىغا لايىق بۇرۇنقى يىگىتىم مەردانغا سېغىنىشلىق سالام! بەلكىم سەن بۇ خەتنى كۆرەلمەيلا كېتىشىڭ، مېنى تاشلاپ ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان، خۇدا رىزقىڭنى پۈتكەن يەرگە كېتىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خۇدايىم ئىككىمىزنى بىر يەرگە ئەكېلىشنى نېسىپ قىلغانغا ئوخشاش، بۇ خەتنى ئوقۇشۇڭغىمۇ نېسىپ قىلىدۇ.

سېنىڭ ئىشىڭنى ياتاقداشلاردىن ئاڭلاپ، ساڭا ئىچىم ئاغرىدى. مەن چىن يۈرەكتىن سۆيگەن مەردىنىمنىڭ بۇنداق ئىش قىلىشىنى قەلبىمگە سىغدۇرالمىدىم. ھەممىسى ساڭا ئىچ ئاغرىتقاندۇ، لېكىن، كېچىچە كىرپىك قاقماي مەندەك يىغلاپ يۈرمىگەندۇ. سەن ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتقان ئاخشىمى، مەن تۈن يېرىمىگىچە ئاشۇ گۈل يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ چىقتىم.»

«سەن ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتقان شۇ پەيتتە» دېگەن جۈملە خۇددى خەنجەردەك مەرداننىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. شۇ

كۆنى مەكتەپ ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئاخىرقى قارارنى چىقىرىپ، مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكنى، ھەمدە بىر ھەپتە ئىچىدە رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ مەكتەپتىن ئايرىلىشنى ئۇقتۇردى. بۇ خەۋەر ئۆزىنىڭ ئۈمىد شامىنى بورانىدەك ئۈچۈرۈۋەتتى. كارىۋىتىدا نەچچە كېچىلەپ ئۇخلىماي، ئىككى يىلدىن بېرى ئالىي مەكتەپتە ئۆتكەن ھەربىر مىنۇتلارنى بىر-بىردىن خىيالدىن ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ، گۈلسۈمنىڭ ئىشىدا كاللىسىنىڭ ئىچىمۇ تېشىمۇ قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ قاش قارايغان مەزگىلدە ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلسۈمگە تېلېفون قىلدى.

ئۇلار شۇ ئورۇندۇق يېنىدا ئۇچراشتى. كۆك ئورۇندۇق ئۇلارنى قوينىغا ئالدى. مەردان ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ خىيالى ساناقسىز مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانالىز قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

- مەردان، بۈگۈن ئەجەپ زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ؟ ئادەتتە شاتۇتىدەك سۆزلەپ كېتەتتىڭ؟

مەردان گۈلسۈمنىڭ چىرايىغا تولىمۇ ئىنچىكىلەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى. گۈلسۈممۇ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى. گۈلسۈم يىراقتىن نۇر چېچىۋاتقان غۇۋا چىراق نۇرلىرىدىن مەنە ئىزدەيتتى. مەردان ئاسماندا بىچارىلىك بىلەن ئۆزىگە زەن سېلىپ تۇرغان ئايغا قاراپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى.

- بۈگۈن ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، گۈلسۈم.- مەردان ئۇنى تېخىمۇ چىڭ باغرىغا باستى.

- بۈگۈن باشقىچىلا كۆرۈنىسەنغۇ؟- گۈلسۈم ئۇنىڭ باغرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ سورىدى.

- مەن كېتىدىغان بولدۇم.

- نەگە؟

- يىراققا. تولىمۇ يىراققا. سەن تاپالمايدىغان يەرگە.

- نېمە دەۋاتىسەن، جىلى قىلماي دېمەمسەن؟

- مەن مەكتەپتىن ھەيدەلدىم.- مەردان بېشىنى تۆۋەن سالدى.

- نېمە ئىش بولدى؟

- ھازىر سەنمۇ سورىما، مەنمۇ دېمەي. كېيىن بىلىپ قالىسەن.

- راستىنلا كېتەمسەن؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

- ئەسلىدە سەن بىلەن بىللە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بىر شەھەردە ئىشلەپ سېنى گۈلدەك باقارمەن دەپ نىيەت قىلغان ئىدىم. بىراق ....

- بىراق، نېمە؟

- بىراق، تەقدىر دېگەن سەن-بىز دېگەندەك بەندىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىكەن. نەچچە كۈندىن  بېرى شۇنى ئويلاپ ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. ئەمدى، ئىككىمىزنىڭ ئىشى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

- مۇشۇنداق دېيىشكە يۈزۈڭ قانداق چىدىدى!؟

- مېنىڭ خاتالىقىم مەن بىلەنلا كەتسۇن. ساڭا مەندىنمۇ ياخشى يىگىتنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

- ئېسىڭدە بارمۇ؟- گۈلسۈم ئېسەدەپ، مەردانىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى.- ئەينى ۋاقىتتا يۇرتداشلىرىم شۇنچە توسسىمۇ سەن بىلەن يۈرگەن ئىدىم. شۇنچە باللار كەينىمگە كىرىۋالسا يەنىلا سېنى تاللىغانتىم. مەنمۇ سەن بىلەن كېتىمەن، بۇنداق يەردە سەنسىز ئوقۇغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى.

- ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ھازىر مېنىڭ سېنى باققۇدەك ماجالىم يوق. مۇھىمى، سېنىڭمۇ مەندەك ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىن مەھرۇم قېلىشىڭنى خالىمايمەن. سېنىڭ كەلگۈسىڭ چوقۇم پارلاق بولىدۇ.

- زادى باشقا ئامال يوقمۇ؟

- شۇنداق!

كەسكىن ئېيتىلغان «شۇنداق» دېگەن بۇ سۆز بىلەن گۈلسۈم ئۆزىنىڭ قانچە ئۆرۈنسىمۇ بىكار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ تۇيۇقسىز مەردانغا ئۆچ بولدى. ئارغامچا بولسا ئىدى، بوغۇپ جەستىنى ئىتقا تاشلاپ بەرگۈسى كەلدى.

- ئۆزۈڭچە مېنى سەنسىز ياشىيالمايدۇ دەپ قالدىڭمۇ؟ ساڭا دېمىگەن ئىدىم. بۈگۈن نۆرى كەپتۇ، ئاڭلاپ قوي. پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يۇرتدىشىم باھادىر بىلەن يۇرۇۋالغىلى بىر ئاي بولدى. ماڭا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ ساڭا قارىغاندا يارايدۇ. ئەتە «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» كۆلۈبىغا بېرىپ تونەپ كېلىمىز-تېخى!

- پاسكىنا.- گۈلسۈمنىڭ يۈزىگە تەگكەن شاپىلاقنىڭ تەسىرىدە گۈللۈكتىكى گۈللەر تەۋرىنىپ كەتتى.- سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بوپتۇ، شۇ مۇھەببىتىڭ بىلەن ...

بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرى بىر يىگىتنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى تولىمۇ تەس ئىدى. مەردان ئۇنىڭغا غەزەپتە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزى بىلەن مىختەك قادالدى-دە، گۈللۈك ئارىسىدىكى كىچىك يول بىلەن تېز يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەردان ئېغىر بىر تىنىپ ئاخىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئۇ كۈنى مەن ساڭا قەستەن يالغان سۆزلىدىم. شۇ كۈنكى شاپىلىقىڭ ماڭا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس سوۋغىتىڭ. مەن يەنە شۇنىڭغا چىنپۈتىمەنكى، سەن كەلگۈسىدىكى جۈپتىڭگىمۇ ماڭا ئوخشاش چىن قەلبىڭدىن كۆيۈنىسەن. بۇنى سېنىڭ ئەرلەرگە خاس ۋىجدانىڭ ھەم ئەركەكلەرگە خاس خۇسۇسىيىتىڭ تولۇق ئىسپاتلاشقا قادىر. گەرچە سەن بەزى ئىشلار سەۋەبلىك مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان بولساڭمۇ، مەن گۈلسۈم، سەن يېنىمدا باردەكلا ساڭا ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۆتىمەن.

تۈنجى قېتىم ماڭا تەلەپ قويغىنىڭ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى سەن ئاۋۋال ماڭا خەۋەر قىلىپ، مېنى ساقلاپ تۇردۇڭ. مەن ياتاقداشلىرىمنىڭ ئىش ئۆگىتىشى بىلەن قەستەن بەش سائەتتىن كېيىن بىنادىن چۈشتۇم. يامغۇر شۇنچە قاتتىق يېغىۋاتىسىمۇ، سەن دالدىغا كىرىپ ساقلىماي، چوڭ يولدىلا 21تال ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپسەن. شۇ كۈنى دەل تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر بەختلىك قىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ساڭا بولغان چىن سۆيگۈم دەريادەك ئۇلغايدى.

سېنىڭ يامغۇردىكى ھالىتىڭنى كۆرۈپ «ئانا يۇرت» رومانىدىكى قەھرىتان قىش، ياز-يېزىن دېمەي جەڭ قىلغان شۇ قەھرىمانلارنىڭ سىياقى يادىمدىن كەچتى. مەن خۇددى جەڭ ئىچىدە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماي قەھرىمانلارغا شەپقەت قىلغۇچى رىزۋانگۈلگە ئوخشاش قولۇمدىكى كۆنلۈكنى تاشلاپ ساڭا ئېتىلدىم. مانا شۇ 21 تال گۈلنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ ماڭا ھەقىقىي كۆيۈندۇڭ. مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇردۇڭ. بەزى ئالا كۆڭۈل يىگىتلەردەك قىلارمىكىن دەپ گۇمانسىرىغان ئازغۇن قەلبىمنىڭ ئەندىشىسىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوقاتتىڭ. دېسەم ماڭا بەرگەن ياخشى تەسىرلىرىڭ بۇ قەغەزگە پاتمايدۇ.

مانا، ماڭىدىغان بوپسەن. دوستلارنى يىغلىتىپ، دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرۈپ. نېمىمۇ دېيەلەيمەن. قىزلارنىڭ ئاجىزلىقى مۇشۇنداق چاغلاردا چاندىدىكەن. قۇربىتىم يەتسە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدا يېتىۋېلىپ بولسىمۇ سېنىڭ ئوقۇش ئىشىڭنى ھەل قىلاتتىم. لېكىن، مەن بۇنداق قىلىشقا راستىنلا ئاجىز. مەن پەقەت سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىڭغا ئامەت تىلەيمەن. جەمئىيەتتە ئۆز جايىڭنى تاپالىشىڭغا ئىشىنىمەن. ئاخىرىدا سېنىڭ مېنى، سەن تەلەپ قويغان كۈنى سوۋغا قىلغان 21تال گۈلنى ئەسلەپ تۇرۇشىڭنى ئۈتۈنىمەن. خۇدا خالىسا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز!

سېنى سۆيۈپ: بىچارە گۈلسۈم (كۆك ئورۇندۇقتا يېزىلدى)».

مەردانىنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم چاك-چاك يېرىلدى. ئاشۇ گۈلسۈمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغۇسى كەلدى. باغرىغا بېسىپ كەچۈرۈم سورىۋالغۇسى كەلدى. مۇنداقلا كەتسە گۈلسۈمگە ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يانچۇقىدىن قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ، قەغەزنى تىزىغا قويۇپ قىسقىغىنە جاۋاپ خەت يېزىشقا باشلىدى.

«نازىنىن گۈلسۈم، بۇ مەن مەردان. ساڭا ئاخىرقى قېتىم خەت يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەن ئەتىلا كېلىپ گۈل تۈۋىنى ئاختۇرىسەن-دە، بۇ خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كېتىشىڭ مۇمكىن.

ئاۋۋال سېنى ئورۇنسىز ئۇرغىنىمنى، كۆڭلۈڭگە ئازار بەرگەنلىكىمنى ئەپۇ قىلىۋەت. ئىنسان ئەسەبىيلەشكەندە ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغۇ؟! بۇنى قايسىبىر يازغۇچى سەۋدايى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى دەپتىكەن. مەنمۇ شۇنداق دېيىشكە قوشۇلىمەن. ئىشقىلىپ، مېنى ئەپۇ قىلىۋەت.

مانا ھازىر تەنھا ھالدا ساڭا خەت يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. كۆك ئورۇندۇق، ئەتىرگۈللەر ماڭا ئىچ ئاغرىتماقتا. بەلكىم سەنمۇ شۇنداق. لېكىن، ماڭا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىسۇن. مەن ھەممە ھەۋەس قىلغۇدەك ياشىيالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانغا يەتمەيدۇ. بىراق، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. تەقدىرىمگە ئاللىبۇرۇن شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، ماڭىمۇ بۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتى تولۇق نېسىپ بولمىدى.

بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى مەنمۇ ئۆز تەقدىرىم ھەققىدە باش قاتۇرۇشۇم كېرەك، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە سالماقلىق بىلەن ئويلىنىدىغان چاغ كەلدى. ئەگەر مۇشۇ چاغدا چۈشكۈنلىشىپ ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزسەم بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە ئۆتۈشۈم مۇمكىن. شۇڭا، ھەرگىز مەيۈسلەنمەي، كەلگۈسۈم ھەققىدە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈشۈم كېرەك. بولدى، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرماي.

ئاخىرىدا، بىر-ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى دەۋالاي: مەن كەتكەندىن كېيىن سەن بولساڭمۇ تىرىشىپ ئوقۇغىن. كەلگۈسىدە سېنىڭ مىللىتىمىزگە مەنپەئەتى تېگىدىغان ئادەم بولغانلىقىڭنى كۆرسەم شۇنىڭ ئۆزى ماڭا بولغان ئەڭ ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ۋە تەسەللىي بولىدۇ دەپ ھېسابلايمەن.

مۇھەببىتىمىز ئۇنتۇلمىسۇنكى، مۇشۇ ئەتىرگۈللەردەك پورەكلەپ تۇرسۇن. مېنى سېغىنساڭ مۇشۇ كۆك ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كەلگىن. چۈنكى، مېنىڭ ھىدىم مۇشۇ يەردە قالغان.

گەرچە ئايرىلىپ كەتسەكمۇ، شېرىن ئەسلىمىلىرىمىز مەكتەپ قورۇسىدا ساقلىنىپ قالغۇسى.

سېنى سۆيۈپ: ۋەيرانە مەردان (كۆك ئورۇندۇقتا پۈتۈلدى)».

مەردان خەتنى ئەتىرگۈلنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويۇپ، ئەتىرگۈل غۇنچىسىدىن بىر تال ئۈزۈۋالدى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ باشقا ياققا ماڭدى. مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانى، ئوقۇتۇش بىنالىرى، ئاشخانا، كۈتۈپخانا، مۇنچا، بىرمۇنچە ئىشلار يۈز بەرگەن ياتاق بىناسى... شۇ چاغدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر يادىغا سالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان بۇ يەرلەر ئەمدى خۇددى ئاخىرقى قېتىم خوش دەۋاتقاندەك ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب دولقۇنلىرىنى غەزەپ بىلەن قىرغاقلا ئۇراتتى.

3

- يولۇچىلار دىققەت! ئىستانسىمىزدىن ماڭىدىغان L81-قېتىملىق پويىز قوزغىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يۈك-تاقلىرىڭلارنى ئېلىپ، بېلەت تەكشۈرتكەندىن كېيىن پويىزغا چىقىڭلار.- ئىستانسا رادىيوسىدىن ئاڭلانغان ئەسكەرتمە مەردانىنىڭ كاللىسىنى سەگىتتى. ئۇ چامادىنىنى كۆتۈرۈپ، بېلەت تەكشۈرتكەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا جايلىشىۋالدى.

پويىز ئىچى يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈپ ئورنىنى ئىزدەۋاتقانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. يولۇچىلارنىڭ چېھرىنى تەبەسسۇم قاپلىغان بولۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، شادلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، 21-ئورۇندىكى مەردانىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قەلبىدە ئۆكۈنۈش ۋە ئىپادىلىگۈسىز قايغۇ بۇلۇتى لەيلەپ يۈرەتتى.

«مۇشۇ كەتسەم يەنە بۇ زېمىنغا قەدەم باسارمەنمۇ، ئاتا-ئانام، ئۇرۇغ-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەرگە نېمىمۇ دەپ چۈشەندۈرەرمەن؟ گۈلسۈم قانداق قىلار؟ كەلگۈسۈم قانداق بولار؟» دېگەندەك ساناقسىز سوئاللار ئۇنى جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

تۇرۇپلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ھەيران قالدى. «مەردان» دېگەن بۇ ئىسمىدىن بىر خىل مەردانىلىق چىقىپ تۇراتتى. بوي-بەستىدىنمۇ مەردانىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا قارىتا مەردانە بولالماي، ئۆزىنى قويۇپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران.

پويىز قوزغالدى. ئېگىز بىنالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئورمانلار، تاغلار ئارىسىدىن ھاۋانى يېرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان پويىز مەردان ئوقۇغان مەكتەپنى، ئىككى يىل ئويناپ ياشىغان شەھەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىغا شۇڭغىدى.

يولۇچىلار بىر-ئىككىدىن بولۇپ پاراڭغا چۈشكەندى. قوشنا ۋاگوندىن مۇزىكا ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى. ئۇدۇل ئورۇندىكى سەپەرداشلار چامادانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ «دۇم-دۇم» ئويناۋاتاتتى. ئۇيقۇسىرىغانلار ئاللىبۇرۇن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەن ئىدى. پەقەت مەردانلا دېرىزىدىن سۈرەتتەك ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە مىختەك تىكىلىپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى.

كېچە سائەت ئىككى. پويىز خىزمەتچىلىرى ۋاگوننىڭ بىر تەرىپىدىكى چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋەتتى. يولۇچىلار ئۇخلاپ قالغانلىقتىن ۋاگون ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. پەقەت مەردانلا تەگسىز خىياللار بىلەن بەند ئىدى. تۇرلۇك-تۈمەن

سوئاللاردىن كاللىسى چارچىدى بولغاي، دېرىزىگە يۆلىنىپ، كۆزى ئۇيقۇ پەرىشتىلىرىنىڭ پەپىلىشىگە ئۆتتى.

قەلبىنى بىر پاتمان قايغۇ، مېڭىسىنى گادىرماچ خىياللار قاپلىغان ئىنساننىڭ تاتلىق چۈشلەر بىلەن قېنىپ ئۇخلىيالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ چۈشلىرى ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا بۇرۇلۇپ، چۈش پەرىشتىلىرى ئىككى دولىسىنى قاماللاپ، قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىرمۇ-بىر زاھىر قىلدى.

4

ھەممە نەسچىلىك شۇ كۈندىكى دەرستىن باشلاندى.

- مۇشۇ سىنىپقا دۇنيادىكى ئەڭ قاپاقباش ئوغۇللار يىغىلىپ قاپسىلەر، مۇشۇ ئاددىي فورمۇلانى يېزىشالماي، قاپاق تېرەكتەك بوي-بەستىڭلارنى كۆتۈرۈپ يۈرىشىدىكەنسىلەر-تېخى! مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئۇقۇمنى بىلەلمەي ۋاقتىڭلارنى زايا قىلغۇچە يېزاڭلارغا كېتىپ، ئېشەك باقساڭلار بولمامدۇ؟-فىزىكا مۇئەللىمى ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، بىر چاڭ قاقشاپ كەتتى. بۇ گەپ دەرھاللا غۇرۇرلۇق يىگىتلەرنىڭ ۋىجدانىغا تەگدى.

-بىزمۇ سىزنى ھۆرمەتلەپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېمەسلىكىڭىز كېرەكتى. تېخى چوڭقۇرلاپ ئۆتۈلمىگەن مەزمۇننى تاپشۇرۇق بېرىپ، بىزنى قاپاقباشقا چىقىرىۋەتتىڭىز، سىزنىڭمۇ سۆيۈملۈك بالىلىرىڭىز بارغۇ؟ شۇلارنى مۇشۇنداق تىللاپ بېقىپ، ئاندىن بىزگە تىل تەككۈزۈڭ!-ئارقا رەتتە ئولتۇرغان رەپقەت ئۆزىنى تۇتالماي مۇئەللىمگە سوئال قايتۇردى.

ئوتتۇرىدىكى رەتتە بىر قىز بىلەن ئولتۇرغان ھاجىمۇ سەكرەپ قوپتى:

- ئۆزەڭنى پىروفېسسور دەپ مۇشۇنداق ھالى چوڭلۇق بىلەن بىزنى تىللاشقا قانداق يۈزۈڭ چىدىدى. سەندەك ئالىملارنى جىق كۆرۈپ تويغان بىز، ئاتا-ئانىمىز بىزنى ئەقىللىق تۇغۇپتىكەن، شۇڭا بۇ مەكتەپكە كېلەلىدۇق. ئالىم بولغان بىلەن تېخى ئادەم بولماپسەن...

بۇ يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇئەللىم بوينىغىچە قىزىرىپ، ھاجىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە ياقىسىدىن تۇتتى:

- ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىۋاتامسەن شۇمتەكلەر. سەندەك سېرىق تۇكلەردىن مىڭنى ئوقۇتقان بىز جۇمۇ! داداڭدەك ئادەمنى سەنلەپ قانداق پوقباشلار سىلەر.

- پوقباش دېگەن سىز.- مەردان ئۇچقاندەك كېلىپ، مۇئەللىمنى يىراققا ئىتتەردى. مۇئەللىم شۇ ئۇچقان پېتى مۇنبەرگە يىقىلدى. كۆزەينىكى كۆزىدىن ئاجراپ تامغا تاسسىدە تېگىپ چېقىلدى. بۇنى كۆرگەن قىزلار چىرقىرىشىپ يىغلىغان پېتى مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىدى.

- مۇئەللىم، بىر نېمە بولمىغانسىز؟

مۇئەللىم قىزلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ مەردانغا ئېتىلدى. ياقىسىنى چىڭ قامالاپ، كاچىتىغا بىرنى سالدى. مەردانىنىڭ يۈزى قىزىل بايراقتەك قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلگەندىن كېيىن، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. شۇتاپتا سىنىپ ئىچى جىددىي تىنىق ئاۋازىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، سۈكۈناتقا چۆمدى.

- دۇنيادا ئۇستازىنى ھۆرمەت قىلمىغاندىن ئارتۇق گۇناھ بولماس. مەن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كۆيۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ جاۋابىنى بۈگۈن ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كېيىن چوڭ بولۇپ جەمئىيەت قوينىدا تەمتىرەپ يۈرگىنىڭلاردا ئۇستازلارنىڭ ساپ قەلبىنى چۈشىنىپ يېتىشىڭلار مۇمكىن.

بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ قەلبى خورلانغاندەك ھېس قىلدى. ئەمما، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن «شاگىرتلار تېخى ياش، ھەقىقەتنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلىشى ناتايىن. ئۇلارنى يېتەكلەش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دەپ ئويلىدى بولغاي، كۆز قارىچۇقىغا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان مېھىر-مۇھەببىتىنى مۇجەسسەملەپ ئوغۇللارغا بىرمۇ-بىر نەزەر سېلىپ چىقتى:

- سىلەرنىڭ ئەركەكتەك مىجەزىڭلارغا مەن قايىل ھەم ئىنستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى- ساۋاقداشلار قايىل. بىراق، بىر مۇكەممەل ئەركىشى بولۇش ئۈچۈن قاۋۇل تەنلا مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ساغلام، ساپ ئەقىلمۇ لازىم. مەن سىلەرنىڭ ۋاقىتنى ئەرزىمەس ئويۇن-تاماشا، مۇھەببەتكە ئاتا قىلىۋېتىشىڭلارغا قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدۇ. ئۆزىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ھەرمىنۇت ۋاقىتنى قەدىرلىسەكەن دەپ سىلەرگە ئىنچىل كۆيۈنۈپ كەلدىم. مەن شاگىرتلارنىڭ مېنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلمەن. بولدى، سىلەرمۇ بۇنى ئاڭقىرىپ كېتەلەيسىلەر، كېلەر سائەتتە سىلەرنىڭ يېڭى قىياپىتىڭلارنى كۆرسەم دەيمەن.

مۇئەللىم مۇنبەردىن سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى. سىنىپ ئىچى يەنىلا جىمجىت. ھەممەيلەن مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ قەلبى چۆلغاندى. زادى كىمنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالاتتى.

ئوغۇللار تامىقىنى گەپ-سۆزسىز يېيىشتى. ياتاقلىرىغا قايتىپ، بەزىلىرى كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ كۇتۇپخانىغا ماڭدى. بەزىلىرى كومپيۇتېرلىرىنى ئېچىشىپ، سالپايغىنچە ناخشا ئاڭلاپ يېتىشتى.

سائەت 11گە يېقىن ياتاقداشلار ھەممىسى يىغىلدى. مەردان جىمجىت كەيپىياتنى كۆرۈپ ئىچى پۇشتى. بىرەرسىنىڭ ھەققانىي سۆزلىمىگەنلىكىگە ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

- ھەي، بىز يىگىتلەر قاپاقباشكەنمىز. بۇ گەپلەرنى تۆۋەن يىللىقتىكى ماڭقىلار ئاڭلىسا قوڭىدا كۇلۇشەرمۇ ئەمدى.- مەردان گەپنىڭ بىسمىللاسىنى باشلىدى.

باياتىن بېرى قاينىمىغان قازاندەك جىمجىت تۇرغان ياتاق بۇ گەپ بىلەن قىزىپ كەتتى.

- كۇلمەمتى ئەمسە. قىزلارمۇ كېچىچە ھىجىيىشىپ مەسخىرە قىلىشار ھەقچان.- ئىشىك تۈۋىدىكى ئەينەك ئالدىدا چاچ تاراۋاتقان باتۇر گەپ تاشلىدى.

- ۋاي-ۋۇي، بولدى قىلساڭلارچۇ ئاغىنىلەر. مۇئەللىممۇ شۇنداق دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ بىرمۇنچە گەپ قىلدىغۇ. بىزمۇ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەيلى. شۇ كۈنى كەچتە كەچلىك كۇلۇبقا بارمىغان بولساق، تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلەيتتۇق.- رەپقەت مۇئەللىمنى ئاقلىدى.

- بولدى قىلە! سەنغۇ مۇئەللىمنى خۇدا بىلسەن. ئاشۇ دېگەن قاپاقباشلارنىڭ ئارىسىدا سەنمۇ بار.

- توۋا! توۋا! دۇنياغا تۆرىلىپ بىرسى مېنى ئۇنداق تىللاپ باقمىغان. شۇ پوقباش تىللىدى بۈگۈن. ئوغۇل بالىغا نېمە ھاقارەت بۇ!- دائىم ئىش تېرىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن تىل ئاڭلايدىغان ۋايىت ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى.

ياتاقداشلار ئويلىغانسېرى ئۆزىگە ھار كەلدى. راستىنلا

ۋايىت دېگەندەك بولدى دېيىشىپ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەشتى.

- ئاغىنىلەر، ئۇنىڭ شۇنداق دېگىنىگە بۇگۈن قانغۇچە ئىچىشىپ دەردىمىزنى چىقارمامدۇق. كەيىپ راسا ۋايىغا يەتكەندە تۆۋەن يىللىقتىكى چۈپرەندىلەرگە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويمامدۇق. يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭمۇ سالىمى ئازىيىپ، ئادەمنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى. ھەقچان شۇ لاۋزىلار مۇئەللىملەرگە بىزنىڭ يامان گېپىمىزنى قىلغان گەپ!

- تۈنۈگۈن كۇتۇپخانىدىن يېنىۋاتسام، يېڭىدىن كەلگەن بىر گۆي فىزىكا مۇئەللىم بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ گۆي مېنى كۆرۈپ باشقا ياققا قارىۋېلىپ، مەن بىلەن سالاملاشمىدى.

- چوقۇم ئاشۇ گۆي چاقتى. بولمىسا مۇئەللىم ھېچقاچان بۈنداق چېچىلىپ باقمىغان.- ۋايىت شۇنداق دېگەچ مۇشتىنى تۈگۈپ قويدى.

- ئەگەر بۈگۈن ئۇنىڭ قولىقىنى تارتىپ قويمىساق، كېيىنچە بىزنى ئىشەك قىلىشى تۇرغان گەپ.

- چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

- ئا، بولدى. بۈگۈن ئىچكىنىمىز ئىچكەن. ئاغىنىلەر قېنى مەردلىك بىلەن پۇل چىقىرىڭلار. ئەسكىسىنى ئەكىرىمىز.- مەردان ئورنىدىن شاققىدە چۈشۈپ پۇل يىغىشقا باشلىدى.

- مەردان بولدى قىلغىن. ئەتە فىزىكا دەرسى بار. ياخشى بولماسمىكىن.-رەپقەت «بولدى قىل» دېگەن مەنىدە مەرداننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى.

- ئاغىنەم بولساڭ مېنى توسىما. بۈگۈن ئىچمىسەم ئاچچىقىم چىقمايدۇ.-مەردان شۇنداق دەپلا رەپقەتنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى. رەپقەت مەرداننىڭ ھالىغا ئېچىنىپ كىتابىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

ھەي، ياشلىق! ياشلىقتا نى-نى ئېسىل نەسىھەتلەر قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ-ھە! باشقىلار ئەمەلىي سەۋەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ تەن ئالغۇمىز كەلمەي تىركىشىمىز. مەردانلارنىڭ شۇنداق ۋاقتى ئىدى. مۇئەللىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى ئېغىر كېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سالغان بىر شاپىلاق ئۇنىڭ يۇمران، نازۇك قەلبىنى زەخمىلەندۈردى. ياخشى نىيەتلەر كەسكىن رەت قىلىندى. ئۇ مۇشۇ قېنى قىزىغان ۋاقتىتا ئەتىكى ئىستىقبالىنى ئويلاشتىن تامامەن مۇستەسنا. كىچىككىنە خاتالىقىنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىپ، بىر پېشكەللىكىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا بىپەرۋالىق قىلىۋاتاتتى.

سورۇن كەچ سائەت 12 بىلەن راسلىنىپ بولۇندى. رەپقەتتىن باشقىلارمۇ تەق بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ھەممەيلەن دەردىنى تۆكۈپ، ئاغىنىدارچىلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى. بىرى دادىسى پوچتىدىن سېلىپ بەرگەن، ئۆزى يېيىشكە قىيماي ساقلاپ قويغان يەل-يېمىشلەرنى چىقاردى.

- ھەي، بىزگە ئاتا-ئانىمىزدىن باشقىسى كۆيۈنمەيدۇ، جۇمۇ. ماۋۇ بادامىلارنى قىممەت بولسىمۇ بازاردىن تېپىپ ئەكېلىپ، بىر تالمۇ ئېغىزىغا سالماستىن بىزگە ئەۋەتىدۇ.- دېدى ھاجى بادامدىن بىرنى ئېغىزىغا سېلىپ. باشقىلارمۇ «شۇنداق» دېيىشىپ تېتىپ بېقىشتى.

بىرى ئىشكاپىدىن ئانىسى ئۆز قولى بىلەن ياققان توقاچتىن ئۈچنى ئېلىپ سورۇنغا سۇندى. ئەمەلىيەتتە بۇ بالا نان يېمەيتتى. يۇرتىدىكى ۋاقتىدا ئىچى پۇشسىلا نان چاينىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم بۇ شەھەرگە كېلىپ نان گېلىدىن ئۆتمەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ نانلارنى ئانىسىنىڭ قوشنا مەھەللىدىكى قاسىم شوپۇرغا ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

- ئانام شەھەرنى بىلمەيدۇ. ئۇنىمىغىنىمغا قويماي نان ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ ئورنىغا پۇل سېلىپ بەر دېسەم، «بۇ دېگەن مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياققان نان، تېنىڭگە پايدا قىلىدۇ» دېگەنتى «بولدىلا، ئالدىنقى قېتىم ئەۋەتكەن نانلىرىڭ سېسىپ قاپتىكەن، ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتتىم» دەپ سالغىنىمغا تېلېفوندا يىغلاپ سالدى. كېيىن ئانامغا شۇنداق دەپ سالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئانامۇ تا ھازىرغىچە نان ئەۋەتىدىغان ئىشنى ئۇنۇتمىدى،- دېدى.

- ھەي، بىز پەرزەنتلەر شۇنداق ۋاپاسىز. بولدى، بۇنى دېيىشمەيلى.

بىرى ئىشكاپىدا گۆلە بارلىقىنى ئېيتتۇدى، ھاجى گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

- بولدى قىلە. قۇرۇت يەپ كەتكەن گۆلەڭنى. ھازىر كالىغا تاشلاپ بەرسىمۇ ئۇسىدۇ ئىگىسىنى. مانا، گۆلىنىڭ ئورنىغا شەندۇڭنىڭ توك چىلىنىدىن ئەكىردۇق.

- ھاي-ھاي، ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى ئاغىنىلەر. «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىر چورۇقىڭنى قۇرۇتما» دېگەن ماقال بار. تولىمىز يېزىدا نان ۋە گۆلە يەپ چوڭ بولغانلارغۇ؟- ساۋۇت دېگەن بۇ بالا يېزىدىن كەلگەن ئىدى.

- قارىساق سەن ئۈچ ۋاق گۆلە يەپ چوڭ بولغان ئوخشايسەن، چىرايىڭ گۆلىدەك قارا، توپا چىراي،- ناھىيە بازىرىدىن كەلگەن، ئالىي مەكتەپكە كېلىپلا مودا يۈرىدىغان بولۇپ كېتىپ، ساۋاقداشلار تەرىپىدىن «ۋايىت سەتەڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ۋايىت ساۋۇتنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى.

تۈۋا، ئالىي مەكتەپتە بەزىلەر قىزىق. كەلگەن يېرىنى، يېگەن تۇزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىر-بىرىنى چېلىشىدۇ. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئويلاشقا سەل قارايدۇ-دە، ناھايىتى ئاسانلا ئۆز-ئارا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ شەكىللەندۈرۈۋېلىپ، مەكتەپ ئىناقلىقىنى بۇزىدۇ. مانا ھازىر شەھەرلىك يېزىلىقىنى، يېزىلىق شەھەرلىكنى كۆزگە ئىلىشماي ساۋۇت بىلەن ۋايىت گەپ تالىشىپ كەتتى. لېكىن، ئاغىنىلەر ئۇلارنى پەسكويىغا چۈشۈردى. ئۇنداق بولمىغاندا بۈگۈنكى سورۇن باشلانمايلا كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشقان بولاتتى. ئاغىنىلەرمۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆزلىرىگە ئازار بەرگەنلىكىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغاندا، بۇنداق تالاش-تارتىشلار ئەھمىيەتسىز ھېسابلىناتتى.

- ئاغىنىلەر، ئەمسە سورۇن رەسمىي باشلاندى. ھەممىمىز بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ، كۆڭلىمىزنى شاد ئېتەيلى،- دېدى ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ ساۋاقداشلارغا قاراپ،- باشقىچە پىكىر بولمىسا بۈگۈنكى سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى ئاغىنىمىز، كۆپنى كۆرگەن سورۇن سەركىسى مەردانغا تاپشۇرساق قانداق؟

- بولىدۇ، بولىدۇ.- ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن تەستىقلاشقاندىن كېيىن، مەردان چىشى بىلەن پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئاندىن يېنىغا قويۇپ سورۇن ئەھلىگە گەپ تاشلىدى:

- ھەممىمىز بارماقتا توختىغۇدەك ئوغۇل باللارمىز. بىرى بىر دېسە، بىز ئون دېيەلەيمىز. بۈگۈن دەرتلىرىمىزنى ئاچچىق پىۋا بىلەن تەڭ ئىچىۋېتەيلى. بىزنى ھاماقەت كۆرگەن ئاشۇ

گۆشباشلاردىن ھېساب ئالايلى، قانداق؟

- بىزنى بەك چېلىپ كەتتى جۇمۇ، دۇمباقتەك. مەكتەپ بىر نېمە دېمىسە ھازىرلا بېرىپ ئىچ-باغرىنى چۇۋۇۋېتەتتىم. بىزنى تىللاپ، ئۆتكۈزۈپ قويغىنى بارمىكەن.- ۋايىت شۇنداق دېگەچ بېشىدىكى قالپىقىنى بېشىغا بېسىپ قويدى.

- بۇگۈن مەردان، رەپقەت، ھاجىلار ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى جۇما!

- ئاداش، ئىنتىرىۋەتمىگەن بولساڭ، يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيتتى. بىر ئىنتىرىپىتىڭ قويدەك تىپىرلاپ «ئاكىلار» دېدى.- ھاجى مەردانىنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ ماختاپ كەتتى.

سورۇن بىر پەس مەردانىنى ئۇچۇرۇش بىلەن داۋاملاشتى. ئارىدا پەقەت ساۋۇتلا گەپ قىستۇرمىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، نادانلارچە دېيىلىۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ تولىمۇ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، چىش يېرىپ ئۇنداق-بۇنداق دەپ مۇئەللىمنى ئاقلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ساۋاقداشلار ئادەتتە مۇئەللىملەر بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ساۋاقداشلار بىلەن ئارىلىق ساقلاپ، يوق بەدناملارنى چاپلاپ قوياتتى. ساۋۇتمۇ شۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

- بولدى، ئاغىنىلەر. مۇھىم گەپكە كېلەيلى. ئەمىسە، مەن ئازراق گەپ قىلاي.- مەردان رومكىنى قولىغا ئېلىپ باشلىنىش سۆزى سۆزلىدى.- ئۇزاق بوپتۇ، مۇنداق دەرقەمتە يىغىلىپ باقمىغىلى. بىزمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېتىمىز بۇ يەردىن. لېكىن، دوستلۇقىمىز مەڭگۈ داۋاملاشقۇسى. بۈگۈن مۇئەللىم بىز ئوغۇللارغا قاتتىق تىل سالدى. كۆڭۈل دېگەن نازۇك نەرسىكەن، چويچۇك بولۇپ قالغاندا ئېغىر كېلىدىكەن. بىر كۈنلەردە مۇئەللىم بىلەن ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېيىشىپمۇ قالارمىز، ئاداش، سىڭىمۇ گېپىڭ باردەك قىلىدۇ؟

مەردان ھاجىنىڭ قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلغان چىرايىغا قارىدى. ھاجى مەردانغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، سورۇندىكى باللارغا زەن سېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

- نېملا دېگەن بىلەن بىزمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 3-يىلىغا قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرىمىز. ئۈستىمىزدە بىزدىن چوڭلار بولسىمۇ، ھەق-ناھەق ئىشلاردا بىزنى قوللايدۇ. بۈگۈن بولغۇلۇق بولدى. بۇ گەپ ئىنىستىتۇتقا ھەتتا مەكتەپكە تاراپ كېتىشى مۇمكىن. يۈزىمىزگە قارا سۇۋالدى. ئەمدى، مەكتەپتە قانداق يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز. بۈگۈن شۇنى بىر ياقلىق قىلىۋەتسەك، قېنى، خوشە ئاغىنىلەر!

مەردان بىلەن ھاجى رومكا سوقاشتۇردى. ئاغىنىلەر تەڭلا «خوشە، سىڭسۇن» دېيىشتى. سورۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى. ھەممەيلەن مۇئەللىمنى ئەيىبلەيتتى. باشقىلاردىن ئاغرىناتتى. بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە قانداق يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتاتتى. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنى مۇئەللىملەردىن، يۇقىرى يىللىقلاردىكى ساۋاقداشلاردىن، مەكتەپتىن كۆرەتتى. بىرسىمۇ ئۆزىدىن سەۋەبنى ئىزدەپ باقمايتتى.

سورۇن جانلىنىپ كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تاماكا ئىسى ياتاقنى بىر ئېلىپ، ئۇلار تۇمان ئىچىدە لەيلەۋاتقاندەك ناخۇش كەيپىياتتا ئۆز دەردلىرىنى قويماي سۆزلىدى. ئەكىرگەن پىۋا كۆڭۈل قىلىشلار بىلەن بىردەمدىلا تۈگەپ يەنە بىر يەشىك پىۋا تەقلەندى. بۈگۈن ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. قانچە جىق ئىچكەنسېرى ئىچ-پۇشۇقلىرى بىراقلا چىقىپ كېتىدىغاندەك، بۇ سورۇنداشلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئولتۇرۇشىدەك ھەممىسى شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تازا كەيپىياتنى دەرسخانىدا ئۇچرىتىش تەسەۋۇرغا سىغمايتتى.

تۈن يېرىم. سائەت ئۈچ بوپتۇ. دەرىزە سىرتىدا ئاي خامۇش ھالدا ئۇلارنىڭ سورۇنىغا قاراپ مۆگدەپ قالغان بولۇپ، دېرىزە ئالدىغىچە ئېگىلگەن قاپاق تېرەك شاخلىرى شىلدىرلاپ تۇراتتى. مەردانىنىڭ گەپلىرى تۈگىمەيتتى. ھاجىنىڭ قاقشاشلىرىدىن نامەلۇم شۇملۇق بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ساۋۇتنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇخلاشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئوقۇرمەن، مەن ئۇلارنىڭ سورۇنىنى ئۇجۇر-بۇجۇرلاپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشنى توغرا تاپمىدىم. چۈنكى، سىزنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىڭىز، بىر ئىشلاردىن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ يۈرمەيدىغان چاغلىرىڭىز بولغىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. بۇ سورۇندا بىزنىڭ باش قەھرىمانىمىز مەردان بار، بىز پەقەت ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىسپىرتنىڭ بۇرۇنىنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان ئىستۇدېنتلار سورۇنىغا قەدەم تەشرىپ قىلدۇق.

مەردان يېنىدىكى نۇرغۇن بوتۇلكىلار ئارىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئىككى رومكىغا قۇيدى. كۆپۈك ئۆرلەۋاتقان رومكىدىن ئىككىسى بىرى مەردانىنىڭ، بىرى ۋايىتنىڭ ئالدىغا سورۇن قائىدىسى بويىچە قويۇلدى. مەردان تاماكىنىڭ ئاستىغا بارمىقى بىلەن چېكىپ، بىر تال تاماكىنى تارتىپ چىقاردى. ھاجى چاقىقانلىق بىلەن ئوت ياندۇردى. تاماكىنىڭ كۆكۈچ ئىسى ئارىسىدا مەردانىنىڭ مەست بولغان كۆزى خۇددى جىن چىراغ پىلتىسىدىكى ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى.

- ئاغىنىلەر، پىۋىنىڭ ئاخىرى ۋايىت ئىككىمىزدە توختىدى. ئەگەر داۋاملاشتۇرىمىز دېسەڭلار بىزنىڭ قولىمىز كۆكسىمىزدە. مەنچە، بۈگۈن تۆۋەن يىللىقتىكى شۇملارنى ئەدەپلەپ ئاغزىنى يۇمدۇرۇپ، ئەتە كەچ ۋايىت ئىككىمىز سىلەرگە سورۇن ھازىرلاپ بەرسەك قانداق؟

- ۋاي چاتاق يوق. بۈگۈن شۇ گۈيلارنى ئەدەپلەپ كىرەيلى.- ھاجى مەردانغا تايىنىپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇۋالدى. باشقىلارمۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تۈيماستىن ئورنىدىن تۇرۇشتى. بەزىلەر سەنتۈرۈلۈپ كارۋاتتا ئولتۇرۇپ قالاتتى-دە، يەنە تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ ياكى جەمئىيەت لالملىرىمۇ، ئىلغا قىلماق تەس ئىدى. ئۇلار ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ رەپقەت كىرىپ كەلدى.

- بىر يەرگە ماڭغان ئوخشىمامسىلەر؟- رەپقەت كىتابلىرىنى كارۋىتىغا تاشلاپ قويۇپ مەردانغا قارىدى.

- تۆۋەن يىللىقتىكى گۈيلارنى ئەدەپلەيمىز.- مەردان پۇتلىرىنى باشقۇرالماي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى.- بۈگۈن ئابرۇيىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.

- نېمە.- رەپقەت مەردانىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.- يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى ئۇلار تۆلەمدىكەن؟ ئۆزۈڭلار ئوقۇشۇڭلارنى ياخشى ئوقۇماي دەردىڭلارنى خەقتىن ئالامسىلەر؟

مەردان ئالدى-كەينىگە ئىرغاڭشىپ، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تەرزدە رەجەپنىڭ قولىنى تارتتى.- سېنى بىرسى شاپىلاق سېلىپ باقتىمۇ، بىرسى قاپاقباش دەپ باقتىمۇ؟ مانا مېنى جۇملىدىن ھەممىمىزنى دېدى. بۇ ئىشلارنى ئاشۇ تۆۋەن يىللىقلاردىكى شۇملار كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەردان شۇنداق دېدى-دە، شىردەك ھۆركىرەپ ئىشىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىلەن ئاچتى. كەينىدىن رەپقەت، ھاجى، ۋايىتلار ئېتىلىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا ساۋۇت چىقتى. ئۇلار كارىدوردا ۋارقىراپ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. بۈگۈن كېچە بىر ئىش بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت تاپقان ئاي بۇلۇت كەينىگە مۆكۈپ بولغان ئىدى. بايامقى يېنىك شىلدىرلىغان قاپاق تېرەك ياپراقلىرى قاتتىق سىلكىندى.

«گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ياغاچ ئىشىك كىشىكىدىن ئاجراپ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرگە داققىدە چۈشتى. سۈت ئۇيقۇدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان باللار دەرھال ئۇيقۇسىدىن خالاس بولۇپ دەسسىدە ئورۇنلىرىدىن تۇردى. لېكىن قاپقاراڭغۇدا كىم كىرگەنلىكىنى پەرق قىلالمىغان بىرى «كىم سەن» دەپ سالدى.

مەردانىنىڭ قولىغا ئۈستەل ئۈستىدىكى چايدان ئۇرۇلدى. ئۇ چايداننى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ پولغا ئاتتى. «پوس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پولدىن ھور ئۆرلەپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇشقان ساۋاقداشلار «ۋايجان» دەۋەتتى.

- چۈشە، پەسكە. ھېجىقىزلار.

- تېزراق بولۇشە، جېنىمنى چىقارماي.

- چىرىغىڭ قېنى، شۇملار، ياقە چىراغنى!

مەردانلار ئۇلارنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئېلىشتى. بىرى بېرىپ چىراغنى ياقتى. چىراغ يېقىلىشى بىلەن ھەممە ئايان بولدى.

- ھېلىقى كونى مۇئەللىم بىلەن پىچىرلاشقان گۆي مۇشۇ.

ياتاق ئىچى ئاپپاق نۇر بىلەن تولدى. ئىشىك ئۈستىگەرەك ئېسىلغان تام سائىتى ئەتىگەن سائەت بەشنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۆرۈلگەن ئىشىك ئۈستىدە چايدان شېشىسىنىڭ ئۇۋاقلىرى ۋاللىداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوندەك بالا بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئۆرە تۇراتتى. مەردانلار ئىشىك تۈۋىدە توپلىشىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك غەزەپ نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

- ھازىرچە ئاۋۇ يەرگە بېرىپ تۇر،- ۋايىت ھېلىقى بالىنىڭ بوينىدىن ئىتتەردى.

بۇ «نائەھلىلەر»گە قاراپ ھاجىنىڭ چىشى غۇچۇرلاپ كەتتى. بايىقى بالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتۇۋالالمىدى.

- ھەرقايسىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغاننى بىلمەيدىغان گۆيلاركەنسىلەر. كىچىككەن دەپ بېشىمىزدا كۆتۈرسەك قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى قارا.

- ھەي، شۇملار. ھەر قايسىڭغا باشتا كەلگەن يىللا چىرايلىق ئۆتەيلى، سەن-پەن دېيىشىپ قالمايلى، ھۆرمەتلەپ ئۆتىشەيلى دېگەنىغۇ! ھەرقايسىڭ بۇنى بىلىشمىدىڭ. تاياق-توقماقلاپ ئۆتمىسە ئۆزۈڭنى بىلەلمەي قېلىشىدىكەنسەن، سولامچىلار.

شۇ تاپتا چوڭلارنىڭ تۇتامغا چىقماس باھانىلەر بىلەن تىللىشى كىچىكلەرنىڭ يۈرىكىگە قامچا كەبى تاس-تاس تەگمەكتە. ئەگەر بىرلىككە كېلەلىسە ئىدى، ئۆرە چىققان بولاتتى. لېكىن، كىچىكلەر بۇلارنىڭ مەسلىكتە پەيلىنىڭ يامانلىقى، ئوڭايلا ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىشىپ بۇ خىيالنى دەرھاللا نەزەردىن ساقىت قىلىپ، باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز دەپ تۇرۇشتى.

مەردانىنىڭ مەڭزى مانا ئەمدى كۆيۈشكە باشلىدى. ھېلىھەم مۇئەللىمى قارىسلدىتىپ كاچىتىغا سېلىۋاتقاندەك يۈزى ئوت بولۇپ ياندى.

- قايسى ماز ئۇ، چىقە ئالدىغا، بىزنى مۇئەللىمگە چېقىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغان،- مەردان بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى.

بايامقى بالا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئالدىغا چىقتى. گەپ قىلاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىتىۋېدى، مەردانىنىڭ گېپى ئۇنى توختىتىپ قويدى.

- ھەي شۇم. ساڭا نېمە قىلغان بىز. بىزچۇ ما مەكتەپنى سوراپ ئۆتتۇۋاتقان باللا، جۇمۇ. تېخى بىرەرسى بىزگە ئۇدۇل قاراپ باقىنىنى ئۇقمايمىز. سەن شۇم مۇئەللىمگە چېقىپ يۈرۈپسەن. خەقنى باشقىلارغا چېقىش خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى. سەت ماڭقا، ئۇقتۇڭما!

مەردان يەردىكى ئىشىكنىڭ ئۈستىدە دەلدەڭشىگىنىچە سۆزلىدى. شۇ تاپتا يىقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

- مەن نېمىنى چېقىپتىمەن؟- ئۇ بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېچنىمنى ئۇقالمىغاندەك مەردانغا قارىدى.

- بىلمىگەن بولساڭ ساڭا دەپ بېرەي،- مەردان ئالقىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە سالدى. ۋىجىك بالا سەنتۈرۈلۈپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ قالدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە رەپقەت ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا سۇنغان ئەينەك پارچىلىرىدىن «گاچ-گاچ» ئاۋاز چىقتى.

- مەردان، ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، ئاداش. تېخى كىچىك باللار ئەمەسمۇ؟- مەردانىنى بالىنىڭ يېنىدىن تارتتى.

- ھەققىي ئاغىنەم بولساڭ مېنى قويۇۋەت. بۈگۈن يا ئۇ ئۆلىدۇ يا مەن،- مەردان شۇنداق دېگىنىچە بالىنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقتى. ئىشنىڭ سەل تەتۈرىگە بۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلغان ھاجى، ۋايىت، ساۋۇتلار ئارىغا چۈشۈپ مەردانىنى تۇتۇۋالماقچى بولدى. ئەمما، بەكلا كېچىككەنىدى. ئاچچىقى قىرىق گەز ئۆرلىگەن مەردان ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە زەرب بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

ھېلىقى ۋىجىك بالا خۇددى تام ئۆرۈلگەندەك «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىشىك ئۈستىگە پوككىدە چۈشتى. «ۋايجان» دېگەن ئاۋاز كارىدوردا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ھاجى، مەردان، ۋايىتلارنىڭ چىرايىدىكى بايامقى غەزەپ ئوتى نۇر تېزلىكىدە ئۆچتى. تۆۋەن يىللىقتىكى ساۋاقداشلار يىقىلغان بالىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

5

ئىشلار شۇنداق يۈز بەردى. ھېلىقى بالا دوختۇرخانىدا ياتتى. ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇرغا سۆڭىكى سۇنغان ئىدى. مەكتەپ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلەپ تۇردى. مەردان پات-پات بېرىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ئۆز ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغانلىقىنى ئويلىسا ئىچى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئولتۇرالماي قالاتتى.

بىر چۈشتىن كېيىنلىكى مەردان تاماق ئېلىپ دوختۇرخانىغا باردى. ھېلىقى بالا كارىۋاتتا دۈمبىسىنى ئاسمانغا قىلىپ تەتۈر ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئىشىك تەرەپكە تىكىلگەن بولۇپ، نۇرسىز كۆز قارىچۇقى قېتىپ قالغاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي ياتاتتى.

مەردان كىرىشىگە ئۇ بېشىنى دەرىزە تەرەپكە قىلىۋالدى. ئۇنىڭ مەردانىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. مەردان تاماقنى ئۈستەلگە قويۇپ، ياندىكى كارىۋاتتا ئولتۇردى.

- مۇختەر، مېنى ئەپۇ قىلىۋەت. مەستچىلىكتە قىلىپ سېپتىمەن، ئەمدى سېنى ئۆز ئۇكامدەك كۆرۈپ مۇشۇ مەكتەپتىلا بولىدىكەنمەن، ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن.

مۇختەردىن سادا چىقمىدى. پەقەت بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى. مەردان تاماق قاچىسىدىكى سۈيۈقئاشنى ئاۋايلاپ چىنىگە قۇيدى.

- تاماق يەۋالغىن.

يەنىلا سادا چىقمىدى. شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ فىزىكا مۇئەللىمى كىرىپ كەلدى. مەردان خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئەمما، مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قول تەڭلىدى. مەردانمۇ قولىنى ئۇزاتتى. مۇئەللىمنىڭ قولى شۇنچىلىك هارارەتلىك هەم مېھرىلىك ئىدى. مەردان مۇئەللىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىككەيلەن كارىۋاتتا يانمۇيان ئولتۇردى.

- قانداقراق مۇختەر بالام. ياخشى بوپقالغانسەن.

- خېلى ياخشى بوپقالدىم.

- مەردان، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. راستىنى دېسەم، بۇ ئىشلار مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم سەۋەبلىك كېلىپ چىقىپتۇ. مۇختەرمۇ ئورۇنسىز يارىلىنىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇختەر شۇ كۈنى ماڭا ئۆزىنىڭ يېزىۋاتقان ئىلمي ماقالىسى ھەققىدە مەندىن مەسلىھەت سوراپ پاراڭلاشقان. مۇشۇ قىلغىنىنى سىلەر خاتا ئويلاپ «بىزنى چاقتى» دەپسىلەر. ھەقىقىي مۇئەللىم دېگەن پىتنە-پاساتلارغا قۇلاق سالمايدۇ. مەنمۇ ھەم ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش ۋىجدانىمغا يات دەپ قارايمەن،- مۇئەللىم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،- ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشنى بۇرچ دەپ بىلىدۇ. لېكىن، ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ خاتالىشىدىغان ۋاقتى، گەپنى ئاشۇرىۋېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا بىز ئۇستازلار شاگىرتلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىگە مۇھتاج بولىمىز. بولغۇلۇق بوپتۇ. ۋاقىت كەينىگە يانماس. مۇختەر سەنمۇ مەردانىنى كەچۈرۈۋەت. مەردان سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىچىكلەرنى ياخشى ئىشىك بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ئاكىلىق مەجبۇرىيىتىڭنى تولۇق ئادا قىل.

مەردان باش لىڭشىتتى. مۇختەردىن يەنىلا سادا يوق.

- مۇختەر، سەنمۇ مەردانىنى كەچۈرۈۋەت. پەقەت ئىككىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆتسەڭلار مەن خاتىرجەم بولىمەن. ئەجەبا، سەن مېنىڭ گېپىمگىمۇ ياق دەمسەن؟!

مۇئەللىم مۇختەرگە قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى. مۇختەر ئاخىرى باش لىڭشىتتى. مۇئەللىمنىڭ، مەردانىنىڭ چىرايلىرىدىن رازىلىق ئالامىتى جىلۋىلەندى.

- ئەمسە مەن ماڭاي. تېزراق سىنىپقا قايتىپ كېلىشىڭگە ھەممىمىز تەقەززامىز،- مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدە يانچۇقىدىن 50 يۈەن چىقىرىپ مۇختەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

- مەن ماڭاي ئەمسە،- مۇئەللىم ئىشىك تەرەپكە ماڭدى،- ھە، مەردان سەنمۇ بۇ ئىشنى تولا ئويلاپ كەتمە. ئىشلار ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

مۇئەللىم كەتتى. ئۇ ئەمدى مۇئەللىمنى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى. بۇرۇنقى كۆزى كىچىكلىكىگە پۇشايمان قىلدى. مۇئەللىمنى ئىنتىرىپ يىقىتقۇەتكەنلىكىدىن نومۇس قىلدى. ئىشىك يېنىك چېكىلىپ مەردانىنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. ئىشىك ئېچىلىپ مۇختەرنىڭ قىز ساۋاقدىشى كىرىپ كەلدى.

- ئاكا، بىز مۇختەرگە نۆۋەتلىشىپ قاراۋاتىمىز. سىز خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ.

مەردان قىزغا مۇختەرگە تاماق ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرماي پىيادە مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. يول بويى مەكتەپنىڭ قانداق بىرتەرەپ قىلىشىنى مۇلاھىزە قىلىپ مېڭىسى ئاغرىپ كەتتى.

بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن مۇختەر دوختۇرخانىدىن چىقتى. داۋالاش پۇلىنى مەردان بىلەن مەكتەپ يېرىمدىن ئۈستىگە ئالدى. مانا بۈگۈن مەكتەپ مەردان ھەققىدىكى ئاخىرقى قارارنى ئۇقتۇرىدىغان كۈن.

مەردان بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى باشلىقى ئىشخانىسىغا كىردى. نەتىجە ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا، ئايىغى چىقماس غەملەر ئۇنىڭ قەلبىنى تاغدەك بېسىۋالغان ئىدى.

- بۇ قارارنى ساڭا دېيىش ماڭا بەك تەسكە توختاۋاتىدۇ، باشلىق قەغەزنى قولىغا ئېلىپ مەردانغا سىنچىلاپ قارىدى،- مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلىنىپ سېنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈشنى لايىق تاپتۇق. ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ مەكتەپتىن ئايرىلساڭ بولىدۇ. كەللاڭنى ئىشلەتسەڭ چىقىش يولى دېگەن كۆپ، يۇرتقا قايتىپ بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ياخشى ئادەم بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

گەپنىڭ ئاخىرى مەردانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. شۇ تاپتا مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. يۈرىكىنى بىرى پىچاق بىلەن كېسىپ تىتما-تىتما قىلىۋاتقاندەك، ئىلگىرىكى داغدام تەقدىر يولى غۇلاۋاتقاندەك كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەكتە ئىدى، ئۇ ۋارقىرايتتى، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى «مەن ئوقۇشۇم كېرەك، ئاتا-ئانامغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك»

## 6

مەردان بېشى «داق» قىلىپ دەرىزىگە تېگىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنى قارا باسقان ئىدى. قۇياش پارلاپ مەردانىنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ كۆزىنى چاقاتتى. يولۇچىلار يەنە بىردىن-ئىككىدىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. مەردانىنىڭ قولىدا كۆك ئورۇندۇق يېنىدىن ئۈزۈۋالغان ئەتىرگۈل پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

تەھرىرى: ئاسمە ئىلھام (2006)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com




يۇقىرىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن ئىدارىمىز جەمئىيەتتە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن يېتىم-يېسىر، ئاجىز كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىش ئارقىلىق ئۇلارغا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان تۇرمۇش شارائىتى ھازىرلاپ بەرمەكچى بولدۇق.

- مەخمۇت، تىلەمچىلەرنى تېز سۈرئەتتە يىغىپ بولۇش مەسئۇلىيىتى سىلەرنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارەڭلەرگە يۈكلەندى،- دېدى خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەجەپ ئاكا.

ئىدارە باشلىقى مەخمۇت قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

- خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ئىككى كۈن ئىچىدە كوچا-كويلاردىكى تىلەمچىلەرنىڭ بىرىنى قويماي يىغىپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى مەخسۇس 15 ماشىنا ئاجرىتىپ، ساقچىلارنى تىلەمچىلەرنى يىغىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دوقمۇش-دوقمۇشلارغا ھۆكۈمەتنىڭ تىلەمچىلەرنى ھەقسىز باقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى چاپلاندى.

بىراق كىم بىلسۇن، بىرمۇ تىلەمچى بۇنىڭغا قىزىقمىدى. ساقچىنى كۆرگەن ھامان ئىت قوغلىغاندەك قاچاتتى. ساقچىلارغا تىلەمچىلەرنى تۇتۇش ئوغرى-بۇلاڭچىنى تۇتۇشتىنمۇ بەكرەك تەسكە توختىدى.

- ۋاي بارات، نەچچىنى يىغدىڭ؟

ھەسەن ساقچى شۇنداق دېگىنىچە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

- ئۈچى ئەنە ماشىنىدا، ھەممىسى تۇل خوتۇن، يېتىم باللار.

- سەن خېلى يىغىپسەن، مەن يېرىم كۈن پالاقشىپ بىرىنىمۇ تۇتالمىدىم، ئەمدى باشلىققا نېمە دەرمەنكىن، تاڭ؟

- ئەنە ئاۋۇ يەردە بىرى پەيدا بولدى،- دېدى بارات چاققانلىق بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ،- تېز بول ئاداش، ماشىناڭنى ھەيدە.

ئۇلار تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلدى.

7-ئاينىڭ تومۇز ئىسسىقىغا چىدىماي تېز-تېز قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان ئادەملەر تەننى كۆيدۈرگۈچى پېژغىرىم ئىسسىقتىمۇ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىشمىكىن يولدىن ئۆتكەن كۆپىنچە كىشىلەر ئالدىغا پۇل تاشلاپ قوياتتى. يۈزىنى يېپىۋالغان بۇ تىلەمچى ئايال ئىككى بالىسى بىلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئولتۇرىۋالغانىدى.

- ئاچا، تەس كۈندە قاپسىز، ھۆكۈمەت سىلەردەك يېتىم-يېسىر، ئاجىزلەرنى باقىدىغان مەخسۇس ئورۇن تەسىس قىلدى. ھازىر بىز سىلەرنى يىغىۋاتىمىز، قېنى بىز بىلەن مېڭىڭلار.

- نېمە دېدىڭىز ئۇكام؟- ھومايدى ئايال،- ئىچ ئاغرىتىڭىزما، بىزگىچۇ قۇرۇق ئىچ ئاغرىتىشىڭىز ئەمەس، ئەملي نەپ بېرىدىغان پۇلىڭىز كېرەك، ئۇقتىڭىزما؟

- ئاچا، ئۇ يەردە ھۆكۈمەت قورسىقىڭلارنى توق، كييىمىڭلارنى پۈتۈن قىلىدۇ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايسىلەر. ھۆكۈمەت سىلەرگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، ئىككىلەنگۈدەك نېمىسى بار، ماشىنىغا چىقىڭلار،- دېدى بارات يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە.

- ئۇكامو، نېرۋامنى ئۆرلەتمەي نېرى تۇرىڭە، «ۋاي ئۇنداق باقىمىز، مۇنداق باقىمىز» دەپ، ھەقچان ئۆلگۈدەك ئىشقا سالارسىلەر بىزنى! ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ بۇنداق بېشەم ئايالنى ماقۇل كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. تاقەت قىلالمىغان ھەسەن ساقچى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

- ئابلىمت كويزىنى ئال.

ئۇلار ناھايىتى تەسلىكتە تىلەمچى ئايالنى ماشىنىغا چىقاردى.

- قويۇۋەت، ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟ ئەجەپ جىنايەتچىدەك كويزا سېلىپ قويدى دېسە، قاراپ تۇرۇش، مۇشۇ يەردىن چىقىپ كېتىغانلا بولسام، خۇجىنتاۋغا ئەرز قىلىمەن!

- بېرىڭ ئاچا، «ب د ت»غىلا ئەرز قىلىڭ.

قاراڭغۇ چۈشكىچە يىغىۋېلىش ئورنىغا 53 نەپەر تىلەمچى كىشى ئېلىپ كېلىندى. تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىشقۇ تەسكە چۈشتى، بىراق يىغىۋېلىنغان تىلەمچىلەرنى باشقۇرۇش تېخىمۇ تەسكە توختىدى. ئامال قىلالمىغان ساقچىلار خەلق ئىشلار

ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى باشلاپ كەلدى. رەھبەرلەر ھۆكۈمەت تۈزگەن ياخشى سىياسەت-فاڭجېنلارنى ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ قالغۇچە چۈشەندۈردى. ئېسىل تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئازادە ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاران دېگەندە تىلەمچىلەرنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇردى. ئۈزۈن يىل ھوقۇق تۇتقان بۇ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى ھېچكىمگە ئۇنچە يېلىنمىغان بولغىيدى، ئەمما ئۇلار خىزمىتىگە بولغان چىن ئىخلاسى بىلەن جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەپ، يۇرتىمىزنىڭ يېڭى بىر قىياپىتىنى نامايان قىلىش يولىدا ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ رازى ئىدى.

رەھبەرلەر كەتكەندىن كېيىن ياتاق-ياتاقلاردا غۇلغۇلا باشلاندى.

- مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ، جىنايەتچىمۇ بىز بۇ يەرگە سولاپ قويىدىغان،- غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان توختى تىلەمچى چىچاڭشىپ سۆزلەپ كەتتى،- باشقىلارغا پىچاق تەڭلەپ پۇل ئالسا ئاندىن جىنايەتچى بولىدۇ، بىزچۇ؟ خەق رازى بولۇپ ئالدىمىزغا تاشلىغاننى ئالدۇقمۇ؟ شۇنداقمۇ خالايىق، بىزدەك قويىنىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش ئادەملەرنى مۇشۇنداق بوزەك قىلسا بولامدۇ؟

توختى تىلەمچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تەمبەل بىر يىگىت ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش دەۋاپتۇ، بىز بۇزغۇنچىلىق قىلدۇقمۇ؟ نومۇس قىلارمىش تېخى، بىز نومۇس قىلغۇدەك نېمە ئىش قىلدۇق؟ كىم كۈن-كۈنلەپ ئاپتاپتا ئولتۇرىدۇ؟ بىز ئولتۇرىمىز. كىم توختىماي مۇناجەت ئېيتىپ ئاغزىنى ئۇپرىتىدۇ، مانا بىز ئۇپرىتىمىز. بىزمۇ جاپا تارتىپ تاپىمىز پۇل دېگەننى، بىزمۇ ئۆزىمىزگە يارىشا كەسىپ قىلىمىز.

ئاياللار ياتىقىدىكى غۇلغۇلىنى دېمەيلا قويۇڭ، ئەرلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى.

- گۈلمەرەم، گىرىم بۇيۇملىرىڭنى ئېلىۋالغانمىتىڭ؟

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال غېرىبسىنغىچە جاۋاب بەردى:

- نەدىكىنى ئاداش، ھەممىمىزنى كوچىدىلا يىغىۋالغان تۇرسا.

چاچلىرى تەبىئىي بۇدرە بىر ئايال ئېچىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

- ھەي ئېسىت، كۈندۈزى تەرلەپ-پىشىپ پۇل تاپقىنىمىز بىلەن كېچىسى ياپرايتتۇق ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قەپەستىكى قۇشتەك مۈڭلىنىپ ئۆتىدىغان بولدۇقتە؟

- خۇدايىم سىلەرگە ئىنساب بەرسۇن، تەۋپىق-ھىدايەت ئاتا قىلسۇن. ھۆكۈمەت ئىلتىپات قىلىپ بىزگە شاپائەت قىلىۋاتسا شۇنداقمۇ نائىنسابلىق قىلامسىلەر؟- دېدى نەسھەت تەرىقىسىدە پۈتى مېيىپ ياشانغان بىر ئايال.

- جىم ئولتۇرە، سەن كۈندە تاپقان تۆت تەڭگەڭ بىلەن جېنىڭنى باقالمايۋاتقاچقا مۇشۇنداق دەيسەن؟ بىزچۇ، سەندەك ئۇنچە گاداي ھەم بىچارە ئەمەس، پۇل دېسە پۇلىمىز، ئۆي دېسە ئۆيىمىز بار.

- شۇنى دېمەمدىغان، بىر ئوبدان تاپاۋەتنى تاشلاپ نېمە بار بىزگە بۇ يەردە؟

- ئېيىڭلارغا **200** يۈەندىن پۇل بېرىمىز دەۋاپتۇ تېخى، كىم ھەيران قالىدۇ؟ بىز بىر كۈندە تاپىمىز ئۇنچىلىك پۇلنى!

ساقچىلار ئون كۈن پالاقشىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە تىلەمچىلەرنى يىغىپ بولدى. ئىدارە باشلىقى ماخمۇت ۋەدىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاپ بولالماي ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تىلەمچىلەرگە ھەقىقىي ئائىلە ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئون بىر كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلى ئىسىملىك بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ياتاق تازىلىغىلى كىرگەندە ئۇلار تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. ياتاق خۇددى بىر ئەخلەتخانىغا ئايلانغان بولۇپ، يەردە ھەرخىل يېمەكلىك خالتىلىرى ۋە تاماكا قالدۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ياتاق ئىچىدىكىلەرگە سەپسېلىپ قارىدى. چېچىنى بۇدرە قىلىۋالغان ۋە ياكى ئالاھىدە ياسىنىۋالغان، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان بۇ سەتەڭ ئاياللارغا قاراپ، ئۇلارنى كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىدۇ، دېسە كىشىنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتەن بىچارىلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. شۇ ئەسنادا بىرىنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى.

- ۋەي،- دېدى بىر ئايال ئەسنەپ تۇرۇپ تېلېفوننى ئېلىپ.

- شۇنداقمۇ ئاداش؟- چېچىنى قىڭغىر بوغۇۋالغان ياش ئايال لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،- يېڭى چىققان داڭلىق ماركىلىق كىيىم دېدىڭما؟ چوقۇم ماڭىمۇ بىر قۇر ئېلىپ قوي، **3200** يۈەن بولسا قىممەت ئەمەسكەنغۇ، كۈندۈزى كىيەلمىگىنىم بىلەن كېچىسى كىيىمەن ئەمەسمۇ؟ سەن نېمىدېگەن بەختلىك-ھە، ئاداش. بىزنى يىغقاندا تۇردىن چۈشۈپ قاپسەن، مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن.

گۈلى ئاياللار ياتىقىنى تازىلاپ بولۇپ، چىقىپ كېتىۋاتقاندا ھەسەن ساقچى غەزەپ بىلەن دېدى:

- قارىماسىز گۈلى، بىر نەچچە تىلەمچىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندىم، ئەيىۋەنناس، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئاڭلاڭ، **70** ياشلىق بىر بوۋاينىڭ قەشقەردە بەش قەۋەتلىك بىناسى، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى بار ئىكەن. يەنە بىر كىملەرنىڭ بىرلىشىپ قۇرغان شىركىتى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسىنىڭ كاتتا ئۆيى بار ئىكەن. بۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئورنى يوقكەن گۈلى، ئۇلار كۈندۈزى تىلەپ تاپقاننى كەچلىكى ئالىي رېستورانلاردا ھەشەمەتلىك سورۇنلارغا خەجلەيدىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلى نەچچە قېتىم «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

تىلەمچىلەر يىغىلىپ ئون كۈندىن كېيىن ئىش قىلالايدىغان بېجىرىم تىلەمچىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇش قىلىندى. بۇنى ئاڭلىغان تىلەمچىلەر ھەرخىل يوللار بىلەن قېچىشقا باشلىدى. **11**-كۈنى ياتاققا كىرگەن خىزمەتچىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى ياتاقتا ئاران ئون ئۈچ كىشى قالغان بولۇپ، **180** نەچچىسى قېچىپ كەتكەنىدى. قېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى مېيىپ كىشىلەر بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ قولى يوق، بەزىلىرىنىڭ پۇتى چولاق، گاس-گاچا، ئەما كىشىلەر ئىدى.

ئەمدىلا ئارام تاپقان كوچىلار يەنە تىلەمچىلەر بىلەن قاپلاندى.

- ئىنىم ئۇ يەردىكى تاپاۋىتىڭ قانداقراق؟- بىر تىلەمچى يانفون بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى،- نېمە، بەش مودىن كېلىۋاتىدۇ؟ بولدى، ئۇ كوچىدا تۇرما، دەرھال مېنىڭ يېنىمغا كەل، بۇ يەردە بىر كويدىن تاشلاۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

گۈلى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىككى تىلەمچى ئايالنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقىپ يېقىنراق باردى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇش سەۋەبى ياشانغان بىر تىلەمچى يەنە بىر ياش ھەم ھاكاۋۇر تىلەمچى ئايالنىڭ نېسۋىسىنى تارتىۋالغانمىش. ئۇرۇشۇش داۋامىدا ياش تىلەمچى ئايالنىڭ رومالىلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

- ئاللا كارامەت!

ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. تىلەمچى ئايالنىڭ يوغان ئالتۇن ھالقىسى، بويىنىغا ئاسقان مەرۋايىت زەنجىرلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانۇھەس قېلىشتى.

گۈلى تىلەمچىلەرنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇردى.

بىر كۈنى بىر ياش يىگىت جۇل-جۇل كىيىنگەن، ئەسكى تۇماق كىيىۋالغان، ساپايىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان تىلەمچى بوۋاينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەمدى بارمىغىن دادا، مەن سېنى باقالايمەن. ئەمدى تىلەمچىلىك قىلما، سەندىن ئۆتۈنەي دادا، يۈزىمىزنى مۇنداق تۆكمىگىن؟!- بالىسى ھەدەپ يالۋۇراتتى.- دىرېكتورنىڭ دادىسى تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، دېسە ماڭا سەت ئەمەسمۇ؟

- بولدى قىل بالام، بۇ دېگەن ئاتا مىراس كەسىپ، كۆزۈم يۇمۇلغىچە قىلىمەن.-بوۋاي ئۆشنىسىنى ئارتىپ كېتىپ قالدى.

گۈلى ماڭا-ماڭا بانكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بىر توپ تىلەمچىلەر بانكا ئالدىدا تۇراتتى. بانكا خىزمەتچىسى چىقتى:

- كەچۈرۈڭلار، بىز خىزمەتتىن چۈشتۇق.

- سادىغاڭ كېتەي بالام، بىز سىلەردىن سەدىقە تىلەپ ئەمەس، بەلكى بانكاڭلارغا سەدىقە قويغىلى كەلدۇق.

بانكا خىزمەتچىلىرى ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تىلەمچىلەر خالتا-خالتا پۇللىرىنى پۇل يىغىش ئورنىغا تۆكتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلىنىڭ «تىلەمچىلەر» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

مەلۇم بىر كۈنى گۈلى كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ئالدىدا قاپقاراڭغۇ بەش كۆلەڭگە پەيدا بولدى-دە، ئېتىلىپ كېلىپ گۈلىنى ئۇرۇپ كەتتى.

- قەلەم ھەققىڭ يامان ئەمەستۇ، بىزنى سۆكۈپ پۇخادىن چىققانسەن؟ مانا سېنىڭ قەلەم ھەققىڭ؟!

- ۋايجان، ۋاييەي...

تىلەمچىلەر گۈلىنى يەرگە يىقىتىپ نەچچىنى تېپىۋېلىپ قېچىپ كەتتى.

گۈلى يەرنى تىرەجەپ ئاران ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەمدىلا كوچىدىن قايرىلىشىغا ئالدىغا كىچىك بىر بالا قول سوزغىنىچە چىقىپ كەلدى:

- سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى يەر.

تەھرىرى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)






كۆپ خىل تىل-يېزىق، كۆپ خىل ئۆرپ-ئادەت، كۆپ خىل مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە 56 مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مەكتىپىمىزنىڭ مۇھىتى گوياكى رەڭگارەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ تۇرغان چىمەنزار، ھەر باقىنىڭىزدا ۋەتەن گۈلزارىدا پورەكلەپ ئېچىلغان 56 تال گۈلنى ئەسلىتىدۇ. مەكتەپ ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى. بىراق، نۇقسانسىز شەيئى بولمىغىنىدەك، بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس.

مەدەنىيەت بىناسى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى يۈرۈش بىنانى تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەت، لايىھەلىنىشى تولىمۇ ئۆزگىچە. بىراق، لىفتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، شۇنچە كۆپ ئادەمگە سانى بەكلا ئازلىق قىلىدۇ.

لايىھەلىگۈچى بۇنى تازا ياخشى ئويلاشمىغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىنلىك دەرسكە چىقىش ۋاقتى دەل «لىفت يۇقىرى دولقۇنى» پەيتى بولۇپ، كىچىككىنە لىفت كۈتۈش زالى ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولۇپ، مىغ-مىغ ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىرىشىپ، لىفت ئىشىكى ئېچىلار-ئېچىلماستىن ئىچىگە سەلدەك ئاقىدۇ. بۇ چاغدىكى ئىتتىرىشىش، قىستىشىشلاردىن، قالايمىقانچىلىقتىن كىشىنىڭ يۈرىكى سىقىلىدۇ. يېڭى ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشىدۇ، كېيىن ئۇلارمۇ ئاستا-ئاستا بۇ كېچىككە كىرىدۇ.

نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قىستىلىشىپ تۇرۇپ يۇقىرى قەۋەتكە چىقىشقا رازىكى، ھەرگىز نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ھەئە، نۆۋەت كۈتكەن بىلەنمۇ بىكار. چۈنكى «بازار چاققانىنىڭ»، كىم كۈچلۈك بولسا شۇ نوچى. لىفتقا چىقتىڭ دېگەن سۆز دەرسكە ئۈلگۈردۈڭ دېگەن سۆز. لىفتقا سىغماي قالغان بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان لىفتقا شېرىك بولۇشىدۇ. نەتىجىدە لىفتنىڭ ئېغىرلىق چېكى ئېشىپ كېتىپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر نەچچىسى سىغماي قېلىپ بېشىنى چايقىغىنىچە چۈشۈپ كېتىدۇ.

يۇقىرى ساپالىق، تالانتلىق ئىقتىساس ئىگىلىرى توپلاشقان بۇ سورۇندا، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇستاز-شاگىرت، چوڭ-كىچىك، قىز-ئوغۇل پەرقى ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىپ بولىدۇ. نە تەرتىپ، نە ھۆرمەت، نە يول قويۇش يوقىلىدۇ. يەنە شۇ تىنىمسىز، بىچارە لىفت ھالسىز غىچىرلىغىنىچە يۇقىرىغا يامىشىدۇ. ھەي، ئەگەر ئۇ ئات ياكى كالىدەك جېنى بار مەخلۇق بولغان بولسا، بەلكىم ئازابلىق چۇقان سالارمىدىكىن!

مانا مەنمۇ چەبدەسلىك بىلەن لىفتكە چىقىۋالدىم. مەندىن بۇرۇن لىفت ساقلاپ تۇرغانلاردىن بىر نەچچىسى باشلىرىنى ئەلەملىك چايقىشىپ قالدى. قاچانلاردا چىقىۋالدىكىن، ئۇدۇلۇمدا لىفت ئىشىكى ئەمدى ئېچىلغاندا پالاقشىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن قىز تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا مەقسەتسىزلا قارىۋېدىم، ئۇ ماڭا مەغرۇرانە جىلمىيىپ قويدى.

چۈشتىن بۇرۇنقى تۆت سائەت دەرسنى تۈگىتىپ، 11-قەۋەتتىكى سىنىپتىن پەسكە مېڭىپ چۈشتۇق. بىز بۇنىڭغا ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەن، مەيلى ياش ئەمەسمۇ. «ھەرىكەت بار يەردە بەرىكەت بار» دەپتىكەن كونىلار.

بىزنىڭ ياتاق بىنايىمىز مەكتەپتىكى ئەڭ چوڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى (ئاڭلىشىمىزچە تېخى ئاسىيا بويىچىمۇ شۇنداقمىش). بۇ بىنانىڭ كۆلىمى چوڭ، ياتاقلار زىچ ھەم كۆپ، تەخمىنەن 8000 غا يېقىن قىز ئوقۇغۇچى تۇرىدۇ. بىنايىمىزنىڭ چىرايلىق بىر نامى بار-«مەلىكىلەر بىناسى». ئەپسۇس، بۇ «مەلىكىلەر بىناسى»دىمۇ بەزىدە ئازراق كىچىك چاتاقلار چىقىپ قالىدۇ. كۆپىنچىسى يەنە شۇ لىفتنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىدۇ. ئىش چىققان ۋاقىتتا ۋەقەنىڭ باش قەھرىمانى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاز ئۆتمەي بۇ ۋەقە پۈتۈن بىناغا پۇر كېتىپ، «يامان ئەمەس» تەسىر قوزغايدۇ. يەنى «ياخشى ئىش بوسۇغا ئاتلىغۇچە، يامان ئىش تاغ ئاتلايدۇ».

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنلىك دەرسكە چىقىش ۋاقتىدا، بىر نەچچىمىز لىفت ئالدىراش پەيتكە توغرا كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بالدۇر چىقىۋالغانىدۇق. يېنىمىزدا ئۇسسۇل كەسپىنىڭ ئىككى قىز ئوقۇغۇچىسى ئۇچىسىغا نەپىس چاۋشىيەنچە كۆڭلەك كىيىپ، قولىدا يوغان چاۋشىيەن دۇمبىقىنى تۇتقىنىچە تۇراتتى. لىفت 14-قەۋەتكە چىقتى. ئەپسۇسكى، تۆۋەن قەۋەتتىلا توشۇپ بولغان بۇ لىفتكە بىز چىقالمىدۇق. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، «بوپتۇ ساقلايلى» دېيىشتۇق. ئىككىنچى قېتىم چىققان لىفتكە تەلىيى بار بىر ئورۇق قىز ئاران سىغدى، قالغانلىرىمىز شۈمشىيىپ قالدۇق. مانا غەزەپ بومبىسى پارتلىدى! قولىدىكى ئېغىر دۇمباقنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قىز ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، لىفت ئىچىدىكى «بىچارىلەر»گە ھەيۋە قىلدى. ئازراق پايدىسى بولدى، ئىككى قىز لىفتنى تىللىغىنىچە چۈشۈپ كەتتى. بىراق بىز يەنە پاتمىدۇق. ھەي!... «بۇ بولمىدى» مەن سەل تېرىكىپ قالدىم. ئاغزىمدىن

قانداقسىگە سەت گەپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن، يەنە ئىككى قىز نارازىلىق بىلەن غودۇراپ چۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھەممىمىز چىقالىدۇق، يېنىمدىكى ساۋاقدىشىم:«بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىتى» دەپ كۈلۈپ قويدى. لېكىن مەن بايا سەزمەيلا دەپ سالغان گېپىمدىن خىجىللىق ھېس قىلماقتا ئىدىم. لىفتتا يەنە شۇ پاراڭ، ئاغرىنىشلار:«يا چوڭراق ئەمەس، يا كۆپرەك ئەمەس...».

ئەتىسى لىفتتا باشقا مىللەتلىك ئىككى قىزنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

- 14-قەۋەتتىكىلەر بەك قورقۇنچلۇق!

- قانداقسىگە؟

- ئۇيسۇل كەسپىنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۇيغۇر قىزلار بار ئەمەسمۇ. بىلمەيسەن ئۇلار بەك يامان، بولۇپمۇ سوقۇشۇشتا ... - بۇنى ئاڭلاپ بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك غىققىدە بولۇپ قالدىم. مانا، بىردەمدە چولپانغا ئايلىنىپتىمىز.

بۈگۈن شەنبە. ياتاقتا يالغۇز كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، تۇساتتىن ئاشقازىنىم ئاغرىپ كەتتى. دورا كار قىلمىغانلىقتىن مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا چىقماقچى بولدۇم. توۋا، مەن ئەڭ ياقتۇرمايدىغان، قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۇچرامدىغاندۇ؟! لىفت ئىشكى ئېچىلىپ، يالغۇز چىقىپ كەلگەن قىز ئازراق ماڭغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، مەن مەڭدەپ قالدىم. «1» كونۇپكىسىنى باسماقچى بولۇپ سۇنۇلغان قولۇم بوشلۇقتىلا تۇرۇپ قالدى.

بىر قاتار كونۇپكىنىڭ ھەممىسى تامام بېسىۋېتىلگەنىدى. دېمەك، مەن بىر پەس لىفتچى قىز بولۇشۇم كېرەك. ئارىلىقتا 9-قەۋەتتىن بىر قىز چىقتى، ئۇ ئارتۇق بېسىلغان كونۇپكىلارغا بىر، ماڭا بىر غەلىتە قاراپ قويدى. ئاغرىقتىن بىئارام بولۇپ ئاران تۇرغىنىمدا ئۇنىڭغا چۈشەندۇرگۈدەك ئارتۇق ماجالىمۇ يوق ئىدى... ھەي، گۇناھكار لىفت!

تەھرىرى: مەرىيەمگۈل تۇرسۇن ساباھى(2007)

# چۈشەك

شېرىنگۈل ئىبراھىم (2007) تەرجىمىسى

بىر بىلجان تۇغۇلۇشىدىنلا دېڭىز ئۇنىڭ ئىللىق ئائىلىسى ئىكەن، ئۇ دېڭىزدا ناھايىتىمۇ ئەركىن-ئازادە ياشايدىكەن. لېكىن بىر كۈنى كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ، ئۇ بېلىقچىنىڭ رەھىمسىز تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئامال قانچە دەيسىز، ئۇ مىڭ تىركەشسىمۇ بېلىقچىنىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. بېلىقچى ئۇنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قارىسا كىچىكلا بىر بېلىق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ بىلجاننى قىزىغا سوۋغا قىلىۋېتىپتۇ. قىزى ئۇنى بىر بېلىق ئىدىشىغا سېلىپ بېقىپتۇ. بۇ بىلجاننىڭ ھەر كۈنى ئۈزۈپ يۈرىدىغىنى شۇ كىچىككىنە ئىدىشنىڭ ئىچىلا بولىدىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئۈزۈپ ئىدىشنىڭ قىرىغا كېلىپ توختىغاندا بۇرۇنقى بىپايان دېڭىزدىكى تۇرمۇشى ئېسىگە كېلىدىكەن-دە، يۈرىكىنى بىر خىل يالغۇزلۇق، چۈشكۈنلۈك قىسمىقى سىققاندەك بولىدىكەن ۋە دېڭىزغا قايتىشنى شۇنداق تىلەيدىكەن.

كېيىن ئۇ چوڭ بولۇپتۇ، بۇرۇنقى كىچىك ئىدىشنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۈشكۈل ئىش بولۇپ قاپتۇ، قىزچاق بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى چوڭراق ئىدىشقا يۆتكەپ قويۇپتۇ. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدىشنىڭ ئىچىدىلا ئۈزۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. لېكىن ھەر قېتىم ئۈزۈپ يەنە شۇ ئىدىشنىڭ قىرىغا كەلگەندە بۇرۇنقىدەكلا كۆڭلى بىئارام بولىدىكەن. بارا-بارا ئۇ چوڭ بولغانچە، بۇ خىل بىر جايدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ياشايدىغان تۇرمۇشتىن بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ زامان سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. يا ئۈزمەپتۇ، يا قىمىر قىلماپتۇ، ھەتتا يەممۇ يېمەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ قىزچاقنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ-دە، ئۇنى كەڭ دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ.

ئۇ ئۆزى كېلىشنى ئىزچىل ئارزۇ قىلغان بىپايان دېڭىزدا توختىماي ئۈزۈپتۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا خۇشال بولماپتۇ. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا پەرىشان يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى يەنە بىر بېلىق ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ غەش تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- سىز نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق غەمكىنلا يۈرىسىز؟

ھېلىقى بېلىق خۇرسىنىپ قويۇپ، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

- نېمىسىنى دەي، دوستۇم، بۇ ئىدىش مەن ئۈچۈن بەك چوڭ بولۇپ قالدى، مەن ھەرقانچە ئۈزسەممۇ ئۇنىڭ چېكىگە بارالمايۋاتىمەن.

ئەسلىدە كۆڭۈل دېگەن بىر ئادەمگە نىسبەتەن قانات بولۇپ، كۆڭلىڭىز قانچە كەڭ بولسا، ئالەممۇ سىزگە شۇنچە كەڭ بىلىنىدۇ. لېكىن كۆڭلىڭىزدىكى چۈشەكنى بىكار قىلىۋەتمىسىڭىز، پۈتۈن ئالەم سىزنىڭ بولسىمۇ، سىز يەنىلا ئەركىنلىكنى ھېس قىلالمايسىز.

«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 19-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەھرىرى: ئاينۇرقىز مەتىمىن (2007)

# خاتالىق

(ھېكايە)

ئەزىمەت ھادىل مەشرىپى

ئەر ئۆيىگە كېلىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى-دە، غەيرىي خىياللار قوينىغا غەرق بولدى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز، تۇرمۇشىنى ناھايىتى مەنىسىز ھېس قىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇنداق تۇيغۇدا بولۇشى تولىمۇ بىمەنىلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئېرىشكەنىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت ئورنى بار، مائاشىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. ئەل-ئاغىنىلىرى، يۇرت ئىچىدىمۇ ئابرويى ۋە ھۆرمىتى بار. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايال بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قۇرالىدى، شۇنداقلا ئوماق ئىككى بالىسىمۇ بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمىشقا ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ؟

ئۇ ئىنساننىڭ بارلىق ئارزۇلىرىغا يېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ بەختسىزلىككەن دەپ ئويلاپ قالدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق بەختسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەي ياشايدىغان تۇرمۇشنى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك دەپ قارىغانىدى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتىدا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. خىزمەت ئورنىدا ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى. ئايالى بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ باقمىدى، بالىلىرىغا بولسا ئۆلگىلىك بىر ئاتا بولۇپ كەلدى. ھاياتىدا بىرەر كىشى بىلەنمۇ سەن-پەن دېيىشىپ باققىنى يوق. ئۇ ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى دەل مۇشۇ يەردە دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئىنسان ئۆز ھاياتىدا چوقۇم چوڭ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ زادىلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىدىن گۇمانلىنىشى زۆرۈر ئىدى...

ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر ئەقىل تاپتى: توغرا، مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك، ئۆتكۈزگەندىمۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئىنسانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. تۈز سىزىقتەك داۋام ئېتىۋاتقان بۇ مەنىسىز تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ باقاي. بىراق نېمە خاتالىق ئۆتكۈزسەم بولار؟ چوڭ خاتالىق... چوڭ خاتالىق... ھە تاپتىم! ئادەم ئۆلتۈرەي. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خاتالىق بولسۇنمۇ؟

ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى بىر خىل سىرلىق خۇشاللىق چۇلغىۋالدى. ئادەم ئۆلتۈرۈش نېمىدىگەن قورقۇنۇچلۇق ئىش! چوقۇم مۇشۇ ئىشنى قىلاي! ئۇ دەسلەپ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىغا كېلىپ قالغىنىدىن چۆچۈپ كەتتى، بىراق ئارقىدىنلا ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ ئۇنچىلىك قورقۇنچلىكى يوق ئاددىيلا ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چوقۇم ئادەم ئۆلتۈرەي! چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەنمەن بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق ئىش يوق،-ئۇ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دېدى.

ئەمدىكى مەسىلە كىمنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. زادى كىمنى ئۆلتۈرسەم بولار؟ مېنىڭ ھېچكىمدە ئۆچ-ئاداۋىتىم بولمىسا، ھەتتا مۇشۇ كەمگىچە بىرەر دۈشمىنىممۇ يوق. ئادەم ئۆلتۈرسەممۇ بىرەر سەۋەب تېپىشىم كېرەكتە! ئۇنىڭ راستىنلا ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئادەم ئۆلتۈرگۈسى يوق ئىدى، بۇنداق قىلىشنىمۇ ئەخمىقانىلىق دەپ قارايتتى. ئۇ مەقسەتسىزلا تېز قەدەم ئېلىپ دېرىزە تەكچىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن ۋە سالاپەتلىك ئەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ راستىنلا بەكلا كېلىشكەن ئىدى، قاپقارا قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، نۇر يېغىپ تۇرغان كەڭ پېشانىسى، زەپمۇ ياراشقان بۇرۇتى، قاپقارا دولقۇنسىمان چاچلىرى...

ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ سالاپەتلىكلىكىدىن ئاغرىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە كېلىشكەن، چىرايلىق كىشىلەر ئادەم ئۆلتۈرسە بولمايتتى. ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ چىرايى چوقۇم سەت بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىپ بولغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، تۇيۇقسىزلا كاللىسىغا كەلگەن بۇ غەلىتە قارىشىمۇ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

ئۇ ئۆزىنى يەنە كارىۋاتقا ئاتتى. ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇزۇن خىيال سۈردى. ئۇنىڭ قاتتىق خىيال بىلەن ئويلاۋاتقىنى يەنىلا كىمنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسى ئىدى .

-تاپتىم!- دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ھاياجان ئىچىدە،- ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان خىزمەتدىشىم راخماننى ئۆلتۈرۈش كېرەك! ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە يېتەرلىك باھانە-سەۋەبىم بار...

راخمان ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان، خىزمەتتىمۇ تىرىشچان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ خىزمەتكە بارلىقىنى ئاتىۋەتكەچكە تېخىچە تويى قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ راخماننى تاللىشىدىكى سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇنىڭغا جىددىي پۇل كېرەك بولۇپ قالغان چاغدا، راخمان ئۇنىڭغا بەش مىڭ كوي پۇل بېرىپ تۇرغانىدى.

- ئاداش، ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ تۇر، ئالدىرىماي قايتۇرساڭمۇ بولىدۇ،- دېگەنىدى راخمان قېرىنداشلارچە مېھىر بىلەن. ئۇ دەل راخماننىڭ مۇشۇ ئىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنىدى. ئۇ شۇ كۈنى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم موھتاجلىققا، ئىقتىسادىي مەسىلىگە دۈچ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق ھېسسىياتنىڭ تەمىنى ئۇزۇن تېتىماي تۇرۇپلا راخمان ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانىدى. ئۇ ھاياتىدا بىرلا قېتىم كەلگەن بۇ موھتاجلىقنىڭ تەمىنى ئوبدانراق تېتىپ بېقىشنى خالايتتى. بىراق راخمان ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى بىردەمدىلا يوققا چىقاردى. ئۇنىڭ ھېچقاچان بىرەر نېمىسى كەم بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى، باشقىلارغا موھتاجمۇ بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇنداق توققۇزى تەل تۇرمۇشتىن بەكلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زېرىكىۋاتاتتى. بەختكە يارىشا شۇ كۈنى ئۈنىڭ ئۆيلىنىدەك ئىش بولغانىدى. بىراق راخمان ھەممە ئىشنى بۇزدى، ئۈنىڭغا موھتاجلىقىنىڭ تەمىنى ياخشىراق تېتىپ بېقىش پۇرسىتىمۇ بەرمىدى .

ئۈنىڭ قارىشىچە مانا مۇشۇ ئىشلار راخماننى ئۆلتۈرۈشكە يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. ئۇ بۇ باھانە-سەۋەبنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلمايدىغىنىنى بىلەتتى. «مۇشۇنداق ئىشقىمۇ ئادەم ئۆلتۈرەمسەن ساراڭ!» دەيدىغىنى ئۈنىڭغا ئېنىق ئىدى. بىراق باشقىلارنىڭ قانداق قارىشى ئۈنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھازىر پەقەت ئۆزىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، بىمەنە، لېكىن ئۆزى ناھايىتى نورمال دەپ قارايدىغان تەپەككۇر مەنتىقىسىدە بۇ باھانە-سەۋەبنى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇ راخماننى بۈگۈن كەچتىلا ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنى خالىمايتتى. ئەتىلا ئۆز ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشتىن قورقاتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. ئۇ ئايالى ۋە باللىرى بىلەن بىرگە تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئاستىنقى قەۋەتتىكى راخماننىڭ بۈگۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كەچلىك تاماقنى يەۋاتقىنىنى ئويلاپ ساراڭلارچە كۈلۈپ كەتتى. ئۈنىڭ قارىشىچە بۈگۈنكى كەچلىك تاماق چوقۇم راخماننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تامىقى ئىدى.

- نېمە بولدى سىزگە؟ نېمىشقا كۈلىسىز؟- دېدى ئايالى ھەيران بولغان قىياپەتتە.

- نېمە چاتىقىڭ سېنىڭ! كۈلگىلىمۇ قويمامسەن ئادەمنى!- دېدى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئايالىغا قوپال تېگىپ.

ئۇ ئايالنى ھېچقاچان سەنلەپ باقمىغانىدى. ئايالىغا بىرەر قېتىممۇ قوپال مۇئامىلە قىلمىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۈنىڭ بۇ قېتىمقى مۇئامىلىسى ئايالىغا ئېغىر كەلدى بولغاي، بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ ئايالىغا پەرۋامۇ قىلماستىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئەمدى راخماننى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان قاتىللىق دىلولىرىنى ئۇچراتقانىدى. راخماننى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش راستىنلا ئۈنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۈنىڭچە بولغاندا ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا ئادەم ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا، باشقا كىشىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرالايتتى. توغرا، ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا...

ئۇ تۇيۇقسىزلا ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ۋەھشىي ئۇسۇل تاللاشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى، مەيلى قانداق ئاددىي ۋە ئادەتتىكى ئۇسۇل بولسىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەنە شۇنداق غەيرىي خىياللىرىنى سۈرۈۋاتقاندا ئايالى مېھمانخانا ئۆيگە كىردى-دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن، تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئايالىغا قوپال تەگكىنىنى ئېسىگە ئالدى: بايامقى ئىش كۆڭلىگە كەپتۇ-دە! ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى نېمىدىگەن نازۇك...

ئۇ ئايالىغا قوپال تەگكىنىگە سەل پۇشايمان قىلدى. بىراق ئايالنى تۇيۇقسىز سەنلەپ كەتكىنىگە قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدى. چۈنكى ئۈنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا ئەر كىشىنىڭ ئايال زاتىنى سەنلەپ قويۇشى نورمال ئىش، ئەكسىچە ئاياللارنىڭ ئەر كىشىنى سەنلىشى تولىمۇ ئەخلاقسىزلىق ئىدى.

ئۇ تەتۈر قاراپ ياتقان ئايالىغا سىنچىلاپ سەپسالدى. ئايالى ئۈنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ گۈزەل، بىراق ناھايىتى بىچارە ۋە ئەخمەقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

- ئايال كىشى راستتىنلا ئەخمەق،- دەۋەتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،- ئەخمەق بولمىسا بىز ئەر خەقلەردەك غەلىتە مەخلۇق بىلەن بىرگە ياشاپ، بىزگە بالا تۇغۇپ بېرىپ جاپا تارتىپ يۈرەتتىمۇ؟

ئۇ شۇ تاپتا ئايالىغا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ ئەپۇ سوراپ قويسىلا ئايالىنىڭ ئېرىپ كېتىدىغىنىنى، ئۈنىڭغا كۈلۈپ باقىدىغىنىنى بىلەتتى. بىراق ئۈنىڭ ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق قىلسا ئۆز ئايالىنىڭ ئاياللار ئىچىدىكى ئەڭ ئەخمەق ئايال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويۇشتىن قورقاتتى .

ئۆيدە گۆردەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جىمجىتلىققا يەنىلا ئايالى بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي:

-نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ؟- دېدى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئويچان كۆزلىرىنى ئۈنىڭغا تىككەن ھالدا.

- ھېچنېمىنى،- دېدى ئۇ ئايالىنىڭ ئەخمەقلىقىنى يەنىلا ئۆزى ئىسپاتلاپ بەرگىنىگە كۈلۈپ.

- سائەت نەچچە بولدى؟- دېدى ئۇ سىرلىق قىياپەتتە.

- سەككىز بوپتۇ، ئەجەب سائەتنى سوراپ قاپسىزغۇ؟- دېدى ئايالى ئەجەبلىنىپ.

- ئۆزۈمچە سوراپ قويدۇم، توكنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، ئۇخلايلى ئەمسە!

-بۈگۈن نېمانچە بالدۇر ئۇخلىغىڭىز كېلىپ قالدى توخۇغا ئوخشاش.

- سىز مېنىڭ ئادەملىكىمدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز؟ ئېرىنىڭ بۇ غەلىتە سوئالى ئايالنى ھەيران قالدۇردى.

- نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

- ئەگەر مەن بالدۇر ئۇخلىغۇم كېلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىنلا توخۇغا ئوخشاپ قالسام، ئۇنداقتا توخۇ كاتىكىگە كىرىپ ئۇخلىشىم كېرەككەن-دە؟

ئايالى ئۈنىڭ بۇ بىمەنە گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

- بولىدى، مەن راستىنلا چارچاپ كەتتىم، توكنى ئۆچۈرىۋېتىڭ، ئۇخلايلى.

ئايالى توكنى ئۆچۈرىۋەتتى. ئۆينى ناھايىتى سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇلار بەكلا بالدۇر يېتىۋالغاچقا، ئايالىنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئايال ئېرىگە قارىدى:

- تېخى ئۇخلىمىغانسىز؟

- ياق، نېمە بولدى؟-دېدى ئەر پەرۋاسىز ھالدا.

- ئەمسە بىردەم پاراڭلىشايلىچۇ! ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى.

- نېمە توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز؟

- نېمە توغرىسىدا بولسا مەيلى.

- ئەمسە سىزدىن سوراپ باقاي، جىننىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

- ياق،- دېدى ئايال ئويلانماستىنلا.

- ئەمسە جىندىن قورقامسىز؟

- ئەلۋەتتە قورقىمەن،- دېدى ئايال بوش ئاۋازدا.

- قىزىق ئىش، جىننىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىكەنسىز،

ئۇنداقتا يوق نەرسىدىن نېمىشقا قورقىسىز؟

- سىز جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟- دېدى ئايالى ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى غۇۋا سىماسىغا قاراپ.

- ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن.

- ئۇنداقتا سىزمۇ جىندىن قورقامسىز؟

- ئەلۋەتتە قورقىمەن، ئەگەر جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسام، ئۇنىڭدىن قورقاتتىممۇ! يوق نەرسىدىن قورقۇش ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىق!

ئايالى ئويلىنىپ قالدى.

- بىراق بەزى كىشىلەر جىندىن قورقماسمىش!

- يالغان گەپ،- دېدى ئۇ ئايالىغا كەسكىن هالدا،- ئەگەر بىر ئادەم جىندىن راستىنلا قورقمىسا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى دەل جىن!

- ئاڭلىشىمچە جىنمۇ ئادەمدىن قورقارمىش!- دېدى ئايالى يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

- قۇرۇق گەپ،- دېدى ئەر كەسكىنلا قىلىپ،- بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە تەسەللي بېرىپ تېپىۋالغان پەلسەپەسى.

ئايال جىن توغرىسىدا داۋاملىق سۆزلىشىشنى ياقتۇرمىدى بولغاي، تېمىنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتتى:

- سىزچە ئادەمنىڭ باشقا جانلىقلاردىن تۈپ پەرقى قەيەردە؟

- سىزچىچۇ؟- دېدى ئەر ئايالىدىنياندۇرۇپ سوراپ.

- ئەخلاقى. چۈنكى ئەخلاق ئىنسانلارغىلا خاس.

- خاتالاشتىڭىز. ئەگەر بىر ئېشەك ناهايىتى ئەخلاقلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەنىلا ئېشەكتە!

ئايالى ئۇنىڭ گېپىگە ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

- ئۇنداقتا سىزچىچۇ؟-دېدى ئايالى ئۆزى تاپقان بۇ تېمىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ.

- مېنىڭچە ئادەمنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئەڭ تۈپ پەرقى يەنىلا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى. ئەگەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئادىمىلىكىنى يوقىتىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىشلارنى قىلسىمۇ ئۇ يەنىلا ئادەم هېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەسكى ئادەم خالاس، هەرگىزمۇ هايۋان ئەمەس!

ئۇنىڭ هەربىر سۆزى ئايالىنى قاتتىق قايىل قىلدى. ئۇ ئېرىنى بەكلا ئەقىللىق هېس قىلدى .

ئايال چارچىغاندەك قىلدى-دە، سوئالىنى توختىتىپ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەر ئۇخلىمىغانىدى، ئۇنىڭ ئايالىغا چىراغنى ئۆچۈرگۈزۈشىدىكى مەقسىتى ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادەم ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاهىزە قىلىش ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە قاراڭغۇلۇق ئىنسان تەپەككۇرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرەتتى. ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ توختىماي تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردى. ئايالى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ قول سائىتىگە قارىدى. سائەت ئوندىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەنىدى. ئۇ تۇرۇپلا قول سائىتىنىڭ ئۆز هاياتىغا نەقەدەر ئوخشاش خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئۇ ئويلاپ قالدى: ئاددىي بىر قول سائىتى، بىراق بۇنىڭغا نېمىدىگەن چوڭ هەقىقەت يوشۇرۇنغان-هە! مېنىڭ هاياتىممۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمەن دەپ مۇشۇ سائەت ئىستېرىلكىسىدەك توختاۋسىز هەرىكەت قىلسامۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا مۇشۇ سائەت ئىستېرىلكىسىدەك ئۈچ يۈز ئاتمىش گىرادۇسلۇق چەمبەرنى ساراڭدەك ئايلىنىۋاتىمەن خالاس!

ئۇ توكنى ئۆچۈرۈپ ئاستا ئاشخانا ئۆيىگە كىردى-دە، توڭلاتقۇدىن بىر بوتۇلكا مۇزدەك پىۋا ئېلىپ بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى. ئۇ پىۋىنى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەكلا ئۇسساپ كەتكەنلىكىدىن ئىچكەنىدى. ئۇ قىلچىمۇ هودۇقماستىن ئايالى كۆكتات توغرىغاندا ئىشلىتىدىغان پىچاقنى ئېلىپ كارىدورغا چىقتى. كارىدورنى غۇۋا چىراغ نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى قەدىمىنى تۇيۇقسىزلا ئىتتىكلەتتى-دە، ئاستىنقى قەۋەتتىكە ئۇچقاندەك چۈشۈپ راخماننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى:

- راخمان، بارمۇ سەن؟ بۇ ياققا چىقە! ساڭا گېپىم بار.

ئۆي ئىچىدىن سادا چىقمىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە قېتىم ۋارقىرىدى. ئەمدىلىكتە ئۆي ئىچىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىشىك ئېچىلدى:

- كىم؟

ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان چاققانلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قورسىقىغا كەينى-كەينىدىن ئۈچ پىچاق ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى گەۋدە بىردەمدىلا ماغدۇرسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى-دە، نەپەستىن توختىدى. ئۇ يەردىكى جەسەتنى ۋە قان داغلىرىنى ناهايىتى چاققانلىق بىلەن ئىنسان ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە هېچقانداق يىپ ئۇچى قالدۇرماي بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، هېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇ ئاۋۋال تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ پىچاقنى پاكىز يۇيۇۋەتتى، ئاندىن ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ پىچاقنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇپ قويدى-دە، پىۋىدىن يەنە بىر بوتۇلكا ئىچىۋەتتى. ئۇ راستىنلا قىلچىلىكمۇ جىددىيلەشمىگەنىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى پىۋىنى پەقەت بالدۇرراق ئۇخلاش ئۈچۈنلا ئىچكەنىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى پىۋىنىمۇ بىر تىنىقتىلا ئىچىۋېتىپ مېهمانخانىغا كىردى- دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى ئايالى ئىككىسى ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەر بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئاخشام سادىر قىلغان قاتىللىق جىنايىتى ئۇنى هاياجانلاندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخشامقى ئىش سەۋەبلىك مەنىسىز هېس قىلغان تۇرمۇشىدا ئالاهىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئىنسان ئەقلىگە سىغمايدىغان بىمەنە خۇشاللىق ۋە ئارزۇدا خىيال سۈرۈۋاتقاندا ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. ئەر ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشىدىن بىر نېمىنى سەزگەندەك قىلدى-دە، ئايالىغا قارىدى:

- ئىشىكنى ئالدىراپ ئاچماڭ، مۆشۈك كۆزدىن قاراپ بېقىڭ، كىمكىن؟

ئايالى سەل ئەجەبلەنگەندەك قىلدى-دە، ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ مۆشۈك كۆزىدىن سىرتقا قارىدى.

- كىمكەن؟- دېدى ئەر تۇيۇقسىز ئالاقزادە بولۇپ.

- راخمانكەن.

ئايال پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى.

- نېمە؟ قايسى راخمان؟- دېدى ئەر ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىك بىلەن.

ئايالى ئۇنىڭ بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كېتىشىدىن قاتتىق هەيران قالدى .

- ئاستىنقى قەۋەتتىكى خىزمەتدىشىڭىز راخمان بولماي يەنە كىم بولاتتى!

ئەرنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى.

مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىدى ئەر، مەن راخمانىنى تۇنۇگۇن كېچىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇرسام، جەسەتنى بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ راخمان ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، بۇ... بۇ زادى قانداق گەپ؟!

- سىز خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايسىز! ئۆزۈم قاراپ باقاي،- دېدى ئەر بىردىنلا ئېسىنى تېپىپ. ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، مۇشۇك كۆزدىن سىنچىلاپ قارىدى. ئارقىدىنلا كەينىگە نەچچە قەدەم داجىپ بېشىنى چاڭگاللاپ ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى:

- ئاھ خۇدا! ئۇ راستىنلا راخمانكەنغۇ! بۇ زادى نېمە ئىش! ھېلىمۇ ياخشى ئايالى بالىلىرىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرمىدى. ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى.

-نېمە قىلىۋاتىسىز تېخىچە ئىشىكنى ئاچماي،- ۋارقىرىدى ئايال ئىچكەركى ئۆيدە تۇرۇپ.

ئەر غەيرەتكە كەلدى-دە، تەمكىنلىك بىلەن ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك ئالدىدا راستىنلا راخمان تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ سۇرلۇك قىياپەتتە:

- ئاداش، سەندىن بىر ئىشنى سوراي دېگەنتىم،- دېدى.

- نېمە ئىش؟

- ئىنىم يوقاپ كەتتى. سەن كۆردۈڭمۇ؟

- مەن سېنىڭ ئىنىڭنى تونۇمسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئىنىڭ بارلىقىنىمۇ ھازىر سەندىن ئاڭلاۋاتىمەن،- دېدى ئەر ھەيران بولۇپ.

- ئىنىم مەن بىلەن بىرگە تۇرمىغاچقا سەن كۆرمىگەن بەلكىم، ئۇ تۈنۈگۈن سەھرادىن مېنى يوقلاپ كەپتىكەن، مەن بىر كۈن قونۇپ قال، دەپ ئېلىپ قالغان ئىدىم، ئاخشام تۇيۇقسىز جىددىي ئىشىم چىقىپ قېلىپ سىرتقا چىققان ئىدىم. كەچ سائەت 12 لەردە قايتىپ كەلسەم يوق تۇرىدۇ، سۈرۈشتۈرمىگەن يېرىم قالمىدى،- دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى راخمان.

- ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى قانداقراق؟- دېدى ئەر ناھايىتى جىددىي تۇستە.

- ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ .

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟- دېدى ئەر چۆچۈگەن ھالدا.

- ئۇ مېنىڭ قوشكېزەك ئىنىم ئىدى.

- قوشكېزەك!

ئەرنىڭ كاللىسىدا تېخى بايىلا ئىنتايىن غەلىتە تۇيۇلغان بۇ ئىش ئايدىڭلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغىنىنى بىلدى-دە، ساراڭلارچە خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ خاتالىق، ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇش بولسا تېخىمۇ چوڭ خاتالىق ئىدى.

تەھرىرى: مەريەمگۈل تۇرسۇن ساباھى (2007)



ئاقتۇ-ئويتاغ مەنزىرىسى

ئامىنگۈل ئابدۇرېھىم (2007) فوتۇسى




ھۆجرا ئىشىكىنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلىشى بىلەن تەك چاچلىرى چۇۋۇق، كۆزلىرى قىزارغان، ئۇيقۇسىزلىقتىن قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، چالا تۈگمىلەنگەن كۆينىكىدىن قىزىرىپ كەتكەن مەيدىسى كۆرۈنۈپ قالغان ئاۋاقىنا بىر كىشى خۇشياقمىغان قەدەم بىلەن ئارىلىق ئۆيگە چىقتى. ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا، ھاراق بۇسى ئارىلاشقان قۇسۇق ھىدى ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تاراپ ئۈلگۈردى. ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان ئايالى بۇ پۇراقتىن سەسكەنگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈردى. ئەمما ئەر پەرۋاسىز ھالدا، يۈزىنى چالا-بۇلا يۇيۇپلا ناشتىلىق ئۈچۈن شىرەگە كەلدى. ئايال بىر چىنە چاينى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى، داستىخاننى ئېچىپ، ناننى ئوشتۇغاچ يولدىشىغا گەپ تەشتى:

- ئەتىگەندىن بېرى سېسىقچىلىقنىڭ دەستىدىن ئۆيدە بىرەدەم تۇرغىلىمۇ بولمىدى، قاچانمۇ تويارسىز شۇ ئىچىشقا؟ ئەينەككە بىر قاراپ بېقىڭە ئورۇقلاپ نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭىزكىن؟ يېرىم كېچىدە تام ياقىلاپ ئۆينى ئاران تېپىپ كېلىسىز، ئۇنى ئاز دەپ كېچىچە ياندۇرۇپ، ئۆينىمۇ بۇلغاپ بولدىڭىز، ئەتىسى مانا بۇگۈنكىدەك يېرىم مەست قوپۇپ بىر كۈن خامۇش يۈرىسىز، بۇ بىزگە نېمە كۈن؟ ھەي!

ئەتىگەندە ئايالىنىڭ ۋاتىلداپ قوپۇشى ئەرنىڭ ھېلىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىغا يەنىمۇ ئاغرىق قوشۇۋەتتى. ئۇ ئايالىغا غەزەپلىك تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، پېشانىسى كەڭرەك، تۇخۇم يۈزلۈك، يېقىشلىق كەلگەن، بۇغداي ئۆڭ ئايال ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن بەتبەشىرە كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ زېرىككەچكە، گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

- نېمە گەپ قىلىمسام قاق سەھەردە كاپشىيسەن؟ سەن خوتۇن خەقنى:«ئەتىگەن قوپۇپ كوتۇلدايدۇ، ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ غوتۇلدايدۇ» دېگىنى زادى توغرا گەپ. ئەر كىشى دېگەن ئىچىپ - چېكىپ يۈرىدۇ. تېخى مېنى ئۆيگە قۇستۇك دەمسىنا؟ ئۆز ئۆيۈمگە قۇسماي، قېيناناملىڭ ئۆيىگە قۇسسام بولامتى ئەمىسە؟!

يولدىشىنىڭ ئوك-تەتۈر گەپلىرى ئايالىنىڭ زىتىغا تەگدى:

- كوچىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭە ھازىر كىم بىكار يۈرىدىكەن؟ بىكار يۈرگەنلەر بار بولسىمۇ، ئۇلار دەل سىز ۋە سىزنىڭ تەييارتاپ ئاغىنىلىرىڭىز. يازمۇ كىرىپ قالدى، بىزمۇ بۇنداق ھېچ ئىش قىلماي يۈرىۋەرمەيلى. ئاڭلىسام ھازىر كەچلىك بازار شۇنداق جانلىنىپ كېتىپتۇدەك. سىز ئەتىگەن تۇرۇپ، قۇشخانىغا چىقىپ، بىرەر-ئىككى قوينىڭ كاللا-پاقالچىقىنى سېتىۋېلىپ، ئۆتلەپ بەرسىڭىز، مەن پاكىزە تازىلاپ، ياخشى پىشۇرۇپ، ھارۋىغا سېلىپ تەييارلاپ بەرسەم كەچلىك بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتسىڭىز، ھال كۈنىمىز بىرئاز بولسىمۇ ياخشىلانماسمىدى؟ ئوغلىمىز ۋارىسمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىمۇ قىممەت بولىدىكەن. بىچارە بالا ھازىرغىچە ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالماي بويۇن قىسىپ يۈرىدۇ.

- نېمە؟- دەپ تېرىكتى ئەر.- سەن مېنى تاڭ يورۇماستا چىقىپ كاللا-پاچاق تېرىپ كەل، قوينىڭ پوق ئۈچەي-قېرىننى سات دەمسەن؟ مەھەللىدە «ناسىر» دېسە مېنى بىلمەيدىغىنى يوق. ئەمدىزە ئېشىپ-تېشىپ پاچاقچىلىق قىلامدىم؟ كەچلىك بازاردا ئاشۇ ھارۋاڭدىكى نەچچە قوتۇر باش بىلەن تۆت پاچاقنى قايسى بىر قەلەندەر كېلىپ سېتىۋالاركىن دەپ چىراي سارغايتىپ ئولتۇر دېمەكچىمۇ سەن؟ كۆتۈر قاسقىنىڭنى! ۋارىسمۇ يامنى كەلسە ئوقۇمايلا قويسۇن، چوپچوڭ بولۇپ قالغان بالىنى قاچانغىچە باقىمەن؟ مېنى باقىدىغان يېشىغا يېتىپ قالدى ئۇمۇ!

ناسىرنىڭ تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئايالىنىڭ بېشىنى پىررىدە قىلىپ قايدۇرىۋەتتى.

- ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن،- دەپ بولغۇچە، ناسىر:

- ھەي پاتەك! ئەتىگەندە بىر چىنە يۇنداڭنى ئارامخۇدا ئىچكىلى بولمايدىغۇ زادى،- دېگىنىچە قولىدىكى چىنىنى ئۇستەلگە زەرب بىلەن قويدى. چىنىدىكى چايمۇ ئىككى ياققا چايقىلىپ، جوزىغا تۆكۈلدى، پاتمەنىڭمۇ زۇۋانى ئۆچتى. ناسىر ئۈچقاندەك بىرىپ چاپىنىنى ئاسقۇدىن ئالدى-دە، ئىشىكنى «جاڭڭىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى.

پاتمە ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى. بۇ ياشلارغا قانداق مۇرەككەپ تۇيغۇلارنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاڭقىرىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىر چاغدا ئۇ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتكەچ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇردى، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشىك-

دېرىزىلەرنى يوغان ئېچىۋەتتى، ئارقىدىنلا سۇپۇرگىنى قولىغا ئېلىپ، ناسىر يېتىپ قوپىدىغان ھۇجرىغا كىرىپ تۇرۇپ قالدى. كارىۋاتتا يىغىقسىز تۇرغان يوتقان-كۆرپە (كۆرپىنىڭ باش تەرىپىگە ناسىر ياندۇرىۋەتكەنىدى)، يەردە چېچىلىپ ياتقان كىر كىيىم-كېچەك، تاماكا قالدۇقى ۋە باشقا مەينەتچىلىكلەردىن كۆتۈرۈلگەن سېسىق پۇراق... پاتىمە بۇ مەنزىرىگە قاراپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى-دە، سۇپۇرگىنى تاشلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى...

ناسىر ئۆيدىن چىقتىيۇ، نەگە بېرىشنى بىلمەي بىر ھازاغىچە مەڭدەپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يادىغا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئاغىنىلىرى دائىم يىغىلىپ قارتا ئوينايدىغان كىچىك مەيدان كەلدى ۋە قەدىمىنى شۇ ياققا بۇرىدى.

راست دېگەندەك، بۇ يەردە بىر قانچەيلەن قىزىق ئويۇنغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ناسىرمۇ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشقاچ سەپكە قېتىلىپ ئولتۇردى، شۇ ئولتۇرغانچە كۈن چۈشكە ئۇلاشتى. ناسىرنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئىككى بىقىنى چاپلىشىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، ھېچقاچان تۈتمىغان ئەرلىك غۇرۇرى بوگۈن نەق تۈۋىدىن تۇتۇپ، ئىچىدە ئايالىدىن:«سېنىڭ ئەتكەن تامىقىڭنى يېمەيمەن، قانداق قىلاتتىڭ؟» دەپ باتناپ ئولتۇرىۋالدى، ئەمما بۇ زابويغا شەيتاننىڭ رەھمى كېلىپ قالدى بولغاي، ئاغىنىسى غالىپ يىراقتىن ھىجايغىنىچە كېلىپ:

- ئاغىنىلەر، خوتۇن دېگەن ئەخمەقنىڭ قاپىقىغا مەستچىلىكتە ئىككىنى قويۇپتىكەنمەن ، يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋىدى، ئۆي ماڭا ئوڭچە قالدى. يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بوگۈن راسا بىر ئىچەيلى،- دەپ ئۆيگە باشلىشىغا ناسىرنىڭ يۈرىكى ئويناپ، ئورنىدىن بىرىنچى بولۇپ تۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدى. مانا، ناسىرغىمۇ قورسىقىنى ئەستەرلىۋالغۇدەك، بىرەر رومكا قېقىۋالغۇدەك بىكارلىق سورۇندىن بىرى ئۇچراپ قالدى. ئاغىنىلەر غالىپنىڭ ئۆيىگە قاراپ گۈرۈلدىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. بىر كۈن تىنىم تاپمىغان ئانا-بالا بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ ناسىرنى ساقلىماقتا ئىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا ۋارىس ئانىسىغا يېلىنغان قىياپەتتە:

- ئانا، ئوقۇش باشلىنىشقا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، لېكىن ئوقۇش پۇلىنى تېخىچە تاپشۇرمىدىم. كەچلىك بازاردا كاۋاپچىلىق قىلىپ داڭق چىقارغان ھېلىقى كىشىنى بىلىسەنغۇ؟ شۇ كىشىنىڭكىدە ئىشلەيمىكىن دەيمەن، پۇلىمۇ ياخشىكەن، چوپچوك بولۇپ قالدىم، ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشلەپ چېنىقىپ كۆرگۈم بارئىدى،- دەپ قالدى.

«جېنىم بالام، ئالتۇن قوزام! داداڭنىڭ بوشاڭلىقىدىن جاپادا قالدىڭ» مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن پاتىمە باشتا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ۋارىس جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالدى. ئامالسىز قالغان پاتىمە ئاخىرى «ماقۇل» دەۋەتتىيۇ، ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ئۈزۈنغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئېغىر ئەلياتقۇ ۋاقتى. ناسىر تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. ھېلىدىن-ھېلىغا ناسىردىن ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالغان پاتىمە ئاخىرى ۋارىسقا:

- ماڭە بالام، دوقمۇشقا چىقىپ قاراپ باققىنە داداڭ كۆرۈنەمدىكىن. ئۇ يەنە ئۆتكەنكىدەك غەرق مەست كېلىپ قولۇم-قوشنىلارنىمۇ ئۇخلاتماي تۇرمىسۇن! ئېغىر مەست بولۇپ قالسا مېنى چاقىرغىن، يۆلەپ بولسىمۇ ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويايلى،- دېگىنىچە يولغا سىلىۋەتتى.

ۋارىس دوقمۇشقا چىقىپ ناسىرنىڭ ئۇدۇلىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گەرچە ناسىر ئىچىپ لەيلەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئازراق تەڭشىلىۋالغانىدى. ئۇ ۋارىسنى كۆرۈشى بىلەنلا:

- ئاناڭ دېگەن ئەقىلسىز مېنى بالا كۆرۈپ، سېنى ئالدىمغا ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ يۈر بولدى، كېتەيلى،- دەپ ماڭدى. ۋارىسمۇ ئۈنسىز ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ناسىرغا ئەگەشتى. تۇيۇقسىز ۋارىسنىڭ پۇتىغا يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك بولدى، ئۇ ياغلىقىقا ئورالغان بىر نەرسە ئىدى، ۋارىس ئۇنى ئېچىپ ھەيرانلىقتىن ۋارقىرىۋەتتى:

- دادا، پۇل!

ناسىر مەستلىكىدىن بىراقلا يېشىلىپ كەتكەندەك چاققانلىق بىلەن ۋارىسنىڭ قولىدىن ياغلىقنى يۇلۇپ ئالدى. ياغلىققا خېلىلا كۆپ پۇل ئورالغانىدى. ناسىر ئالدىراشلىق بىلەن پۇلنى قوينىغا سالدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ساناپ چىقتى. بۇ مىڭ يۈەن پۇل ئىدى. ناسىر ھاياجاندىن قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى. نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان پاتىمە ھېلى ناسىرغا ھېلى ۋارىسقا قارايتتى. بىر چاغدىلا ناسىر قوينىدىن بايىقى پۇلنى چىقىرىپ، پاتىمەگە كۆز-كۆز قىلغان ھالدا:

- كۆردۈڭمۇ، مانا ماۋۇ پۇل. مېنى پۇل تاپالمايسەن دەۋاتامتىڭ؟ مەن تاپمەنلا دېسەم پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى. نەچچە ۋاقتىن ماڭا بەش-ئون كويۇڭنى بېرىشكە قورسىقىڭ ئاغرىپ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى يىرتىق پايپىقىڭغا مەھكەم تىقىۋالاتتىڭ، مانا بوگۈن خۇدايىم بەردى. ئەمدى بۇ پۇلغا ئارىلىشالمايسەن، قانداق خەجلىگىم كەلسە شۇنداق خەجلەيمەن. ئەتە ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىپ مېھمان قىلىمەن، ئۇلار دائىم مېنى «مېھمان بولۇشنىلا بىلىپ، قىلىشنى بىلمەيسەن» دەپ ئاغرىنىپ يۈرىدۇ. ناسىرنىڭ مەرتلىكىنى ئەمدى بىلىپ قالسۇن!- دەپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ۋارىستىن ھەممە ئەھۋالنى بىلگەن پاتىمە قاتتىق بىر ئۆھسىندى-دە، ۋارىسقا ئۇخلاشنى شەرەتلەپ ئۆزىمۇ ئۇخلاش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. ئەمما ناسىر خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى، تۇرۇپ ئاللىنېمىلەرنى دەپ تووۋلايتتى. ئۇنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالدى.

ئەتىسى ناسىر خۇش كەيپ ھالدا ئورنىدىن تۇردى ھەمدە ئىشتىھا بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئۆيدىن چىقىپ بازارلارنى ئايلاندى. چۈشكە يېقىن ھېلىقى بىكار تەلەتلەرنى كەچتىكى سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆيىگە يېنىپ كەلدى ۋە سورۇنغا تەييارلىق كۆرگەچ كەچنىڭ كىرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. كەچقۇرۇن ئالدىراش ھالدا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ۋارىس سومكىسىنى قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ناسىرغا:

- دادا، تۈنۈگۈن كەچ بىز تېپىۋالغان پۇل سىنىپىمىزدىكى ئايگۈلنىڭ دادىسى رېقىپكام چۈشۈرۈپ قويغان پۇلكەن. ئايگۈلنىڭ ئانىسى بالنىستا يېتىپ قاپتىكەن، رېقىپكام ئىقتىسادتىن ئازراق قىينىلىپ قوشنا مەھەللىدىكى تۇغقىنىدىن مىڭ يۈەن قەرز سوراپ، ئۆيىگە يېنىشىدا پۇلنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتىگەن سىنىپقا كىرسەم ھەممە بالىلارنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، ئايگۈل بولسا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەي پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەيلى، دادا!- دېيىشىگە، ناسىر

چىچاڭشىغان ھالدا:

- ئاغزىڭنى يۇم شۇمتەك، بىز قانداقسىگە رىقىپنىڭ پۇلىنى تېپىۋالغان بولىمىز؟ ئۇ دېگەن خۇدايىم بەرگەن پۇل. مۇشۇ گەپلەرنى سىرتلاردا دەپ يۈرىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!- دەپ ۋارىسنى جىمىقتۇردى ۋە سورۇنغا يۈرۈپ كەتتى.

كەچلىك بازاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان «بارى كاۋاپ شاھى» نىڭ ئايرىمخانىسى بۈگۈن بىر توپ ھاراقكەشلەر بىلەن تولغان بولۇپ، سورۇننىڭ ساھىبخانى بولغان ناسىر مۇلازىمەتچى قىزغا ھېلى كاۋاپ بۇيرۇتسا، ھېلى ھاراق-تاماكا بۇيرۇتۇپ يېتىشەلمەي قالغان ئىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە جوزىمۇ مولىلىشىپ، ھەممەيلەن يېيىشكە چۈشۈپ كەتتى. كاۋاپلار زىخدىن ئاجرالدى، ئاچچىق ھاراقلار گالغا ئۇرۇلدى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئىنسان سۈپىتىدە ئايرىمخانىغا كىرگەن بۇ بىر توپ كىشىلەر ئەمدىلىكتە مايمۇن سىياقىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار تېتىقسىز يۇمۇر-چاقچاقلارنى ئېيتىشىپ، ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى. كەيپىياتنىڭ مۇنچە جانلىنىپ كەتكىنىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن ناسىر دەلدەڭشىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان بالىغا قاراپ:

- ھەي كاۋاپچى، كاۋاپتىن يەنە 50 زىخ ئەپكەل،- دەپ بۇيرۇدى. ئەمما كاۋاپچى بالا خۇددى بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ناسىرنىڭ تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلىدى-دە، ئېتىلىپ بارغىنىچە بالىنىڭ پاتىڭىدىن سىقىپ تۇرۇپ،- ئۆزۈڭچە مېنى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چېلىۋاتىدۇ دەپ قالدىڭما؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماسلىققا نېمە ھەددىڭ؟- دەپ ۋارقىرىدى ۋە بالىنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىپ چۆچۈپ كەتتى،- ۋارىس!

ۋارىس كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا ناسىرغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى.

- سەن مۇشۇنداق خەقنىڭ ھەققىنى يەپ ئويناپ يۈرگىن. ئاپامۇ ساڭا گەپ يېگۈزەلمەي، ئۆزى ئاۋۇ يەردە باش-پاچاق سېتىۋاتىدۇ.- ۋارىس ئاچچىقى بىلەن شۇنداق دەپ قولى بىلەن ئۇدۇل كوچىدىكى قايناق بازارنى كۆرسەتتى.

ناسىر ئاغزىنى ئۇمەللەپ گەپ قىلىپ بولغىچە، ئۇلار ئولتۇرغان ئايرىمخانىدىن ۋارقىراشقان، نەرسىلەرنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ناسىرنىڭ ئاغىنىلىرى سوقۇشقانچە سىرتقا چىقتى. ئۇلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۇرۇشۇپ كەتكىنىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ئەمما ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، سىرتقا تىزىلغان شىرە- ئورۇندۇقلارنىمۇ چېقىپ ئۆلگۈردى. ئۇلار جېدەلنى قانچە تېز چىقارغان بولسا شۇنچە تېز غايىپ بولدى. بار توقۇناق-بالانىڭ ھەممىسىگە ناسىر قالدى. جېدەل چىقارغانلارنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئاشخانا خادىملىرى ناسىردىن جوزىنىڭ ھېساباتىنى ۋە بۇزۇلغان-چېقىلغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەشنى ئېيتتى، ئەمما ناسىرنىڭ پۇلى جوزىنىڭ پۇلىغىلا ئاران يېتەتتى. بايىقى جېدەل بىلەن بىر مۇنچە خېرىداردىن ئايرىلىپ قالغان ئاشخانىدىكىلەر شۇ ئاچچىقىدا بىرلىشىپلا ناسىرنى قارا-قويۇق ئۇرۇپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تاياقنىڭ ئاستىدا قالغان ناسىر بىردىنلا ۋارىسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى:

- قولۇڭنى تارتىش، ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام! پۇلنى ئۆزۈم مۇشۇ يەردە ئىشلەپ تۆلەيمەن! تارتىش دەيمەن ھەي...

بىر چاغدا پاتمەمۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېتىپ كېلىپ:

- ئۇرماڭلار، ئۇنى ئۇرماڭلار! بىزدە پۇل بار، بىز تۆلەيلى. قانچە پۇل بولسا مەيلى، بىز تۆلەيمىز. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس!- دەپ يىغلاپ كەتتى. ۋارىس بولسا ناسىرنى ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ھەممىسىنى ئىتتىرىۋەتتى-دە، ناسىرنىڭ بېشىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئەتراپقا كىشىلەر ئولىشىپ كەتكەنىدى. ناسىر ئوغلىنىڭ باغرىغا بېشىنى مەھكەم يېقىپ ئاچچىق بۇقۇلدايتتى.

تەھرىرى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا بەت سانى چەكلىمىسى ۋە ۋاقىت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق. شۇڭا ئاپتورلاردىن سەممىي كەچۈرۈم سورايمىز. ئەسىرى ئېلان قىلىنمىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كېيىنكى سانغا بېرىشنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ژۇرنىلىمىزنى نادىر ئەسەرلىرى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «سادا» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككى مۇقام تېكستلىرىدىكى سەيفى سەرايى غەزەلى توغرىسىدا

خەلچىئاي ئىسھاق (2008)

**ئاساسلىق مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكستلىرىدىكى سەيفى سەرايى غەزەللىرىنىڭ ئىدىيە ۋە مەزمۇن، تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى ھەمدە ھازىرقى زامان شېئىرلىرىغا بولغان ئىجابىي تەسىرلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئون ئىككى مۇقام   سەيفى سەرايى   ھازىرقى شېئىرىيەت ئېقىمى

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى-ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن بەدىئىي قامۇس بولۇپ، مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ سەمەرىسى ھەم شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەردۇر.

2005-يىلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇنيا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مىراسى» سۈپىتىدە خاتىرىلىنىشى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى خاس تەتقىقاتنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇزىكانتلار، ئەدەبىياتچىلار ۋە تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئورتاق تېمىسىغا ئايلاندى.

مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ بىرى بولۇش ھەم مۇقام تېكستلىرىنى تەھلىلىي ئۆگەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئالتىنچىسى بولغان ئۆزھال مۇقامى چوڭ نەغمە كىچىك سەلىقە ئىككىنچى ئاھاڭ قىسمىدىكى تېكست ئۈچۈن بېرىلگەن شائىر سەيفى سەرايىنىڭ «تاپىلماس ھۆسن مۈلكىندە ساڭا تەڭ بىر قەمەر مەنزەر» مىسراسى بىلەن باشلانغان يەتتە كۇپلېتلىق غەزىلى ئۈستىدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن تەھلىل ئېلىپ بارماقچىمەن.

ئالدى بىلەن، غەزەلنىڭ ئاپتورى ھەم ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى شائىر  سەيفى سەرايى ۋە ئۇنىڭ بىزگىچە مەلۇم بولغان قىسقىچە تارىخىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

شائىر سەيفى سەرايى 1321-يىلى ماۋرا ئۇننەھردە تۇغۇلغان. بىر مەزگىل يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشىغان. 1396-يىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزى ساراي شەھرىدە ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ «گۈلىستان بىت تۈركى» ناملىق توپلىمى، «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق تراگېدىيىلىك داستانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

سەيفى سەرايى XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ساراي شەھرىدە ياشىغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر، داستانلارنى يازغان. سەيفى سەرايى قالدۇرغان ئەڭ چوڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلاردىن بىرى «گۈلىستان بىت تۈركىي» ناملىق تەرجىمە ئەسەر بولۇپ، ھىجرىيە 793-يىلى (مىلادى 1390-1391-يىللار) 10-ئايدا تامام بولغان. سەيفى سەرايىنىڭ بۇ تەرجىمىسى «گۈلىستان» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمىسى. پارس تىلىدىن ئىككىنچى بىر تىلغا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق تەرجىمىسى ۋە ئەڭ مۇكەممەل تەرجىمىسىدۇر. «گۈلىستان بىت تۈركىي» نىڭ بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى گوللاندىيەنىڭ لېيدىن ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. سەيفى سەرايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق داستانىدۇر. بۇ داستاندا، شائىر ئەينى دەۋردە يۈز بەرگەن رېئال ۋە گۈزەل مۇھەببەت ۋەقەسىنى ھېكايە قىلىدۇ.

سەيفى سەرايىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغان بىرقانچە غەزەل، قەسىدە، قىتئەلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر سەيفى سەرايىنىڭ ئۇشبۇ يەتتە كۇپلېتلىق غەزىلى جۇشقۇن، شوخ ئاشىقىي كەيپىيات، ئىپتىخارىي مەدھىيە، كۈچلۈك مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا تويۇنغانلىقى، پاساھەتلىك شېئىرىي تىل، رەڭدار ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇقام تېكستلىرىدىكى باشقا شائىرلارنىڭ غەزەللىرىدىن روشەن  پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەمىسە، شائىرنىڭ تۆۋەندىكى گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى:

تاپىلماس ھۇسن مۈلكىندە ساڭا تەڭ بىر قەمەر مەنزەر
نە مەنزەر مەنزەرى شاھىد، نە شاھىد شاھىدى دىلبەر.

يېشمى: ھۆسن مەملىكىتىدە ساڭا تەڭ كېلەلەيدىغان بىر ئاي جامال تېپىلمايدۇ. ئۇ قانداق جامال؟ گۈزەل جامال؛ قانداق گۈزەل؟ كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل.

سۆزلۈك دۇررۇ جەۋاھىردۇر كۆڭۈللەر گەنجىنە لايىق،
نە لايىق لايىقى خۇسرەۋ، نە خۇسرەۋ خۇسرەۋى كىشۋەر.

يېشىمى: سۆزلۈك كۆڭۈل خەزىنىسىگە لايىق ئۈنچە-ياقۇتتۇر؛ قانداق لايىق؟ شاھلارغا يارىغۇدەك لايىق؛ قانداق شاھقا؟ مەملىكەت شاھىغا.

شەكەردىن تادلىدۇر خۇلقۇڭ، كەرەمدىن خاتىرىڭ مەتلەب،
نە مەتلەب مەتلەبى مەئدەن، نە مەئدەن مەئدەنى جەۋھەر.

يېشىمى: خۇلقۇڭ شېكەردىن تاتلىق، كۆڭلۈڭ تەلەپ قىلغاندىنمۇ بەكرەك سېخىي؛ قانداق سېخىي؟ كاندەك سېخىي؛ قانداق كان؟ جاۋاھىر كېنى.

ئىدىيە ۋە مەزمۇن جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ غەزەل ئىشق- مۇھەببەت تېما قىلىنغان غەزەل بولۇپ، شائىر ئۆزى سۆيگەن يارنى يارقىن، تاڭسۇق ئوخشىتىشلار بىلەن مەدھىيلەپ، چەكسىز مۇھەببىتىنى بايان قىلغان.

مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ئىشقىي شېئىرىيەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ھاياتى ۋە سەنئەت تارىخىدىكى مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، خەلق ھاياتىدىكى چىنلىقنىڭ بىر قىسمىنى، خەلقنىڭ تارىخىدىكى چىنلىقنىڭ بىرقىسمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىمۇ ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللەر كۆپرەك بولۇپ، شائىرنىڭ بۇ غەزىلى يۈكسەك دەرىجىدە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدە، پەقەت ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ شېئىرىي تۇيغۇسى، ئىنتىم لىرىكىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنىڭ ئىشق-مۇھەببەت كۆز-قاراشلىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى خەلق قوشاقلىرىدا كۆرۈلىدىغان ئاددىي بايان شەكلىدىن تېخىمۇ ئىلمىي تەپەككۇر شەكلىگە، يارقىن بەدىئىي گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ھەم شۇنىڭدەك ئامماباب شېئىرىي پىكرىنى ساقلاپ قالغان.

ئىككىنچى، ئىشق-مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلىشى بىلەن بىرگە سىياسىي پۇرىقى ئىنتايىن ئاجىز ياكى يوق دېيەرلىك. بۇ ھال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئاز ئۇچرايدۇ.

غەزەل مىسرالىرىدا، شۇ دەۋرنىڭ روشەن ئىزناسى بولغان سىياسىي كىلىمات تىلغا ئېلىنمىغان، ئىپادىلەنمىگەن ھەم ئوردا شائىرلىرىنىڭ مەدھىيە، شوئار خاراكتېرلىك غەزەللىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان تەبىقە، گۇرۇھ ۋە ياكى قايسى جەمئىيەت، سىنىپ دەۋرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكى ۋە جانلىق ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغان. بەلكىم، بۇخىل ئالاھىدىلىكى پاراسەتلىك خەلقىمىزنىڭ تاللاپ، ئەتىۋارلاپ، سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە پىششىقلاش، تاللاش، تولۇقلاشلاردىن ئۆتۈشلۈق ئۆتكەن مۇقام تېكىستلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى تاللاشتا، ئۇستاز مەلىكە ئامانىساخان ۋە قېدىرخانلار تەرىپىدىن تاللىنىپ ھاياتىي كۈچىنى تا بۈگۈنگىچە نامايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. 60-، 70-يىللاردىكى چەببەيات مۇقامى ئاھاڭىغا زورمۇزور چۈشۈرۈلۈپ ئوقۇلغان ياماق كەبى «تېكىست» لەردىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، قويۇق بولغان ئۇيغۇر ئىسلام كۇلتۇرى ئاساسىدىكى ئەخلاقىي مۇھەببەت كۆيلەنگەن.

ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىيات مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي-ئېتىقاد ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھادىسە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دىنىي روھىيىتىنى ھەقىقىي خەلق سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ۋە مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتىنىمۇ دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىشق-مۇھەببەت كۆز قارىشىنى دىنىي-ئېتىقادسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

غەزەلنىڭ شەكلى ۋە تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، باشقا مۇقام تېكىستلىرىگە ئوخشاش تۈركىي ھۈنەرىست، ئەرەبىي ھەسەلىست، پارسىي شەكەرىست دەپ ئاتالغان دەۋرلەردىكى پاساھەتلىك چاغاتاي ئۇيغۇرتىلىدا يازغان بولۇپ، ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى ۋە تۈركىي تىلىنىڭ گارمونىك قوشۇلۇشى ئاساسىدا مۇزىكا رېتىمى ۋە غەزەل مەزمۇنىغا ماس ھالدا بىرىكىپ، پۈتكۈل مۇقام گەۋدىسىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان، يەنى، شېئىرىيەت تىلىنىڭ ئەڭ پاساھەتلىك باي تەركىبلىرى بىلەن بېزەلگەن. بۇ، نوقۇل ھالدا، قانداقتۇر «چۈشىنىكسىز ياكى ئوردا زىيالىيلىرىنىڭ ‹مەخپىي› تىلى» بولماستىن بەلكى، ئەينى دەۋردىكى خەلققە يايغىن بولغان خەلق تىلىنىڭ غايەت زور ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، نامايان قىلغان.

شۇڭا، ئەسەر تىلى راۋان، رىتىملىق، يېنىك بولۇپ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ يېقىملىق ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان لىرىك مۇزىكا ئاھاڭدارلىقىغا ئىگە بولۇشى ئەستە ساقلاشقا ئاسانچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

پۈتكۈل ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىيات مۇساپىلىرىدە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم نادىر شېئىر-غەزەللەر « تېكىستنى بىر كۆرۈپلا ئاھاڭنى ئەسكە ئېلىش» تا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. چۈنكى، يۈكسەك دەرىجىدىكى گۈزەللىكنى بىۋاستە ھېس قىلدۇرىدىغان بۇخىل گۈزەل شېئىرىي لىرىكىلار خەلق ئاغزىغا ئەڭ يېقىن تۇرغان بولۇپ، ماسلاشقان ئاھاڭى بىلەن جىپسىلىشىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇزۇلمەي ساقلانغان. بەلكىم، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جۈملىدىن، مەرھۇم تۆھپىكار مۇقامچى تۇرداخۇن بۇۋىمىزنىڭ XIV ئەسىرلەردە ياشىغان ئىستېداتلىق شائىر سەيفى سەرايىنىڭ ئۇشبۇ نادىر غەزىلىنىمۇ ئۇنتۇپ ۋەيا چۈشۈرۈپ قويماي، باشقا مۇقام تېكىستلىرى بىلەن بىر قاتاردا بىزگە يەتكۈزۈشى ھەم ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن (XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان) ئۈچ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئەگرى-توقاي قىسمەتلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ پارلاق مەنىۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈپىتىدە، يۈكسەك ھۆرمەت تەختىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشى مۇشۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك!

ئىككىنچى، شائىر غەزەلدە سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، رىتورىك خىتاپ، رىتورىك سوراق، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە ۋە تەكرارلاش قاتارلىق مەجازى ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى كۇپلېتتا، ئالەمدە ساڭا تەڭلىشەلىگۇدەك يەنە بىر گۈزەل يۈزلۈك يار تېپىلمايدۇ، دەپ تۈيمىغۇدەك دەرىجىدىكى مۇبالىغىنى قوللىنىپ، ئايىغا ئوخشاتقان ۋە «هۆسن مۈلكى، مەنزەرى شاهىد، شاهىدى دىلبەر» قاتارلىق ئىزافەتلەردىكى سۈپەتلەشلەر ئارقىلىق تەڭداشسىز گۈزەللىكنى ئىپادىلىگەن بولسا، «قانداق جامال؟ گۈزەل جامال؛ قانداق گۈزەل؟ كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل.» دېگەن جۈملىلەردە ئالدىنقى جۈملىنىڭ هالقىلىق سۆزىنى رېتىملىق تەكرارلاپ، رىتورىك سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە كېيىندىكى جۈملىنى پەيدا قىلىش بىلەن يارنىڭ گۈزەللىكى، مۇهەببىتىگە مەستخۇشلانغان ئىچكى هېسسىياتنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ خىل ئۆزگىچە تەكرارلاش ئۇسۇلى مەيلى كىلاسسىك شېئىرىيەتتە بولسۇن ۋەياكى هازىرقى دەۋرىمىزدە بولسۇن ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ هەم يۇقىرى ماهارەت تەلەپ قىلىدۇ. قالغان ئالتە كۇپلېتتىمۇ ئوخشاشلا ئىككىنچى مىسراسىدا قوللىنىپ، بىرىنچى مىسرا مەزمۇنىنى تېخىمۇ راۋانلىقتا، سېھرىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، غەزەلنىڭ «تۈركىي ئارۇز» ۋەزنىلىرىگە خاس شېئىرىي ئۇسلۇبتا، بەهرى هەزەجى مۇسەممەنى سالىم شەكلىدە (مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن) يېزىلىشى يەنە بىر ئالاهىدىلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىشلىتىلگەن بەهرلەرنى نىسبەتلەشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەرتىپ بويىچە پەقەت: رەمەل بەهرى، هەزەج بەهرى، مۇتەقارىپ بەهرى، رەجەز بەهرى، مۇزارىئ بەهرى، مۇجتەس بەهرىدىن ئىبارەت ئالتە بەهر بىلەنلا يېزىلغان. 15 بەهر ئىچىدىكى بۇ ئالتە بەهر ئارۇز ئىلمىنىڭ هەرقايىسى تىللاردىكى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان ۋەزىن بۆلەكلىرى بويىچە قېلىپقا چۈشۈرۈلمەي، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىسىنىڭ پەرقلىقىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرىنىڭ بەهر ئالاهىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. شائىر سەيفى سەرايىمۇ مۇشۇ ئورتاق ئالاهىدىلىك بويىچە، رەمەل بەهرىدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن بەهرى هەزەجى شەكلىدە يازغان هەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ يۇقىرى ماهارەتتە يارىتىلىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك روياپقا چىقارغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋردە گۈللەنگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ماهىيىتى ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى ۋارىسلىق قىلىنىشى توغرىلىق ئويلاندۇرىدۇ، چوڭقۇر ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ.

تۆتىنچى، شەرق كىلاسسىك پەلسەپىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان شېئىرىي پىكىر بىلەن تەمسىللىك ئوخشىتىشنى شېئىرىي ئوبراز ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈش بۇ غەزەلنىڭ يەنە بىر ئالاهىدىلىكى بولۇپ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۇسلۇب بويىچە پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە سەيفى سەرايىدىن باشقا، نەۋائىي، زەلىلى، سەككاكى... قاتارلىق گىگانتلىرىمىزمۇ ناهايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ بىر ئايرىم يۆنىلىشتە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك چوڭ تېما.

## هازىرقى شېئىرىيەت ئېقىمىغا بولغان ئىجابىي تەسىرى

ئۇزاق يىللىق شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقى هەرقانداق چاغدا ۋە هەرقانداق جايدا شېئىرىيەتكە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىدىغان ئىززەت تۈيغۇسىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك شېئىرىيەتنىڭ بەخش ئېتىدىغان ئىللىقلىقىنى، مېهىر-تەپتىنى، زوقلاندۇرۇش قۇۋۋىتى ۋە ياكى تەسەللىسىنى هېس قىلىپ، بۇ مەنىۋىي قورالىمىزدىن، «شېئىرىي مىللەت» ئىكەنلىكىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ كەلمەكتە. ئېپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەمگەك قوشاقلىرىدىن باشلانغان شېئىرىيەت مۇساپىسى جەريانىدا، غەربنىڭ ئاقارتىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك شېئىرىيىتىگە تەڭداش شۆهرەتلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيەت تارىخىنى ياراتتى. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش بىز ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر. هالبۇكى، هازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان شېئىرلار بارلىققا كەلدى. بىراق، ئەنئەنىۋىلىك ۋە زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۈرگەن نادىر شېئىرلار يەنىلا ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سان جەهەتتىن كۆنسېرى ئارتىپ، بارغانسېرى سۈپىتىنى يوقىتىۋاتقان يېڭى-يېڭى شېئىرلار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېهتىياجىدىن چىقالمايلا قالماستىن، يەنە شېئىرىيەتكە قىزىقماسلىق، هەتتا بىزار بولۇشتەك سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. مانا مۇشۇنىڭدەك ئېسىل هەم خەلق تىلىغا يېقىن بولغان مەزمۇنى سەرخىل، تىلى پاساهەتلىك شېئىرلار جانلىق هاياتىي كۈچى بىلەن هېلىهەم بىزگە ئۆرنەك بولالايدۇ. هازىرقى شېئىرىيىتىمىزنى كىلاسسىك ئۇيغۇر روهىيىتى بىلەن سۇغارغاندىلا، ئاندىن هەقىقىي ئۇيغۇر شېئىرىيەت بوستانلىقى بەرپا بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئابلاجان مەمەت، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 9-ئاي

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، 2009-يىل 6-ئاي مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997-يىل 4-ئاي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەھرىرى: ئابلاجان يۈسۈپ تەهۇر(2008)

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ki-» قوشۇمچىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

سائادەت ئەركىن (2006)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «ki-» قوشۇمچىسىنىڭ خاراكتېرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋرلىرىدىكى ئىشلىتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى رولى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «ki-» قوشۇمچىسى ئورخۇن ئابىدىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

«ki-» قوشۇمچىسى يىراق قەدىمكى ئورخۇن ئابىدە تېكىستلىرىدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرى. «ki-» قوشۇمچىسى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان روللاردا ئىشلىتىلىپ، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. «ki-» قوشۇمچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەكتە.

«ki-» قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈلۈپ قالماي ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇمچە بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوللىنىلىشى ئايرىم جەھەتلەردە يەنىلا روشەن پەرقلىق ئىكەن. شۇڭا «ki-» قوشۇمچىسى زادى قانداق قوشۇمچە؟ ئۇ مەڭگۈ تاشلاردا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە قانداق قوللىنىلغان؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قانداق قوللىنىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ قانداق ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن؟ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا مەن بۇ ماقالەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى «ki-» قوشۇمچىسى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋرلەردىكى رولى توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، «ki-» قوشۇمچىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

«سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە: بىر سۆزگە قوشۇلۇپ يېڭى بىر سۆزنى ياسايدىغان قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.»① مەسىلەن:

ئىش + چى ئىشچى

دەرەخ + لىق دەرەخلىك

«سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە: بىر سۆزگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇنىڭغا تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى قوشىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.»② مەسىلەن:

دوست + لار + غا = دوستلارغا

دادا + م + نىڭ = دادامنىڭ

يۇقىرىقى قائىدە بويىچە تەھلىل قىلساق، «ki-» قوشۇمچىسى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر. مەسىلەن:

ياز + غى = يازغى بۇغداي

كۈز+ گى= كۈزگى بۇغداي

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ğï/-gi-» قوشۇمچىلىرى «ki-» قوشۇمچىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولۇپ، سۆزلەرگە قوشۇلغاندا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە قوشۇلىدۇ.

تۆۋەندە «ki-» قوشۇمچىسىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق رولىنى دەۋر تەرتىپى بويىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن.

**1.** «ki-» قوشۇمچىسىنىڭ لېكسىكىلىق رولى:

**(1)** ئورخۇن ئابىدىلىرى تېكىستلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ki-» قوشۇمچىسى ئورۇن تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ سۈپەت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

birüz (جەنۇبقا) + ki = birüzki (جەنۇبى، جەنۇبتىكى)

öngrä (ئالدى) + ki = öngräki (ئالدىدىكى)

«anta içräki bodun kop manga körür.

يەشمىسى: بۇ چېگرىلار ئىچىدىكى پۈتۈن خەلقلەر ماڭا تەۋەدۇر.» ③

يۇقىرىقى جۈملىدىكى«içrä» سۆزى «ئىچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئورۇن تەرەپ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا «ki-» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «bodun»نى ئېنىقلايدىغان سۈپەت ياسالغان.

**(2)** قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«-ki» قوشۇمچىسى بەزى پەسىل نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ۋە ۋاقىت-تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ سۈپەت ياسايدۇ. مەسىلەن:

«yazqï④ bulut yaşlap gökiräp
yamğurlar mu ol yağïdur
.............
Küzki built gökiräp örläp
Köp mu yamğur ol yağïdur»⑤

«-ki» قوشۇمچىسىنىڭ بۇ خىل رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

ياز + غى = يازغى (بۇغداي)
كۈز + گى = كۈزگى (بۇغداي)

يەنى يۇقىرىقى مىساللاردا «ياز» ۋە «كۈز» سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولغاچقا، بۇ سۆزگە «-ki» قوشۇمچىسىنى قوشقاندا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە «-ki» قوشۇمچىسىنىڭ «-ğï/-gi»دىن ئىبارەت ۋارىيانتلىرى قوشۇلغان.

2. «-ki» قوشۇمچىسىنىڭ گىراماتىكىلىق رولى:

(1) «-ki» قوشۇمچىسى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئاساسەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

«içräki bodun (ئىچكىرى ئىچىدىكى خەلقلەر)» ⑥

(2) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە «-ki» قوشۇمچىسى يۇقىرىقى گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا «-kim» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى ئۇ مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

«oğuz qağan yürüdi, kördikim: uşbu yaruqnung arasïnda bir qïz bar ärdi.

يەشمىسى: ئوغۇز قاغان يۈرۈدى، كۆردىكى، ئۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز بار ئىدى.

andağ körüklüg ärdikim yarning älgüni anï körsä, ay ay, ah ah ölärbiz däp, süttän qumuz bolaturur lar.»⑦

يەشمىسى: ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر: «ئاھ-پاھ! ۋاي ئۆلىدىغان بولدۇق» دېيىشەتتى، سۈت قىمىزغا ئايلىناتتى.

يۇقىرىقى مىساللار «ئوغۇزنامە» داستانىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «-kim» قوشۇمچىسى باغلامچى رولىدا كەلگەن.

«-ki» قوشۇمچىسىنىڭ باغلامچىلىق رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ ئىشتا سەۋەنلىك ئالىمدىن ئۆتتى.

بۇ مەسىلىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزگە ئىشتىن ھەممىدىن مۇھىم.

يۇقىرىقى مىساللار «-ki» قوشۇمچىسى مۇرەككەپ جۈملىلەردە باش جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئەگەشمە جۈملىنى باش جۈملىگە باغلاش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «-ki» قوشۇمچىسى يەنە ھۆكۈم باغلامچىسى بولۇپ كېلىدۇ. يەنى «-ki» باغلامچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاددىي جۈملىلەردە خەۋەرنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى شەيئىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۇ قەلەم سەمەتنىڭكى.

بۇ كىتاپ مۇئەللىمنىڭكى.

يۇقىرىقى مىساللاردا «-ki» باغلامچىسى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىمنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئىش-ھەرىكەتنىڭ خەۋەرنى تەكىتلەش رولىدا كەلگەن.

(ئەسكەرتىش: ئاددىي جۈملىلەردە ھۆكۈم باغلامچىسى رولىدا كەلگەن «-ki» باغلامچىسى ئاساسەن ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.)

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەندىن باشقا، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «-da/-dä/-ta/-tä»گە «-ki» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان «-daki/-taki»، «-däki/- täki» ۋە «-diki/-tiki» شەكىللىرىمۇ بار بولۇپ، مەڭگۈ تاشلار يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كەڭ ئۇچرايدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇنى كېلىشنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئورۇن-بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى دەپ قارىغاچقا، بۇ ھەقتە ئارتۇق توختالمايمەن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، «-ki» قوشۇمچىسى يىراق قەدىمكى ئورخۇن ئابىدە تېكىستلىرىدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق رولى ناھايىتى كۈرنەرلىك بولغان كۆپ ئىقتىدارلىق قوشۇمچىدۇر. شۇڭا «-ki» قوشۇمچىسىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە رولىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى رولىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

①خەمىت تۆمۈر:«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 20 ـ بەت.
②خەمىت تۆمۈر:«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ، مىللەتلەرنەشرىياتى، 21ـ بەت.
③تالات تەكىن:«ئورخۇن ئابىدىلىرى»(ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى 2ـ قۇر، مىللەتلەر نەشرياتى، 2009ـ يىل3ـ ئاي، 72 ـ بەت.
④مەزكۇر مىسالدىكى «-qï» قوشۇمچىسى «-ki» قوشۇمچىسىنىڭ بىر ۋارىيانتىدۇر.
⑤耿世民: “古代维吾尔文献教程”, “高唱回鹘王国时期诗歌（民歌）文献选集”, “思念情人”， 民族出版社，2009 年 11 月第二次印刷。
⑥تالات تەكىن:«ئورخۇن ئابىدىلىرى»(ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى، 21ـ قۇر، مىللەتلەر

نەشرىياتى، 2009-يىل 3-ئاي، 72-بەت.

⑦耿世民: "古代维吾尔文献教程", "乌古斯可汗传说", 民族出版社, 2009 年 11 月第二次印刷

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
(1) ۋ.م.ناسلوۋ(سابىق سوۋېت ئىتىپاقى):«ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
(2) خەمىت تۆمۈر:«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.1987-يىل.
(3) تالات تەكىن:«ئورخۇن ئابىدىلىرى»(ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل3-ئاي.
(4)耿世民:"古代维吾尔文献教程" .民族出版社，2009年。

تەھرىرى: ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر (2008)

# ئىش بېجىرمەك تەسمىدى

(ساتىرا)

توختىقارى نۇر (2008)

شۇنچە ئۇزاق تەلمۈرسەم ھېچبىر خەۋەر كەلمىدى،
دەرد ئېيتسامۇ باشلىقلار يابىر جاۋاب بەرمىدى،
ئۇزگىلەردىن مېنىڭكى بىرەر يېرىم كەممىدى،
تولا قاتراپ بۇ ئەلەم كۆزلىرىمنى نەمدىدى،
بىلمەيتىمەن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەك تەسمىدى.

بىرىپ باقتىم مىڭ قېتىم سالپايغانچە قايتتىم،
ئارقا ئىشىكتە مېڭىشقا بولمىغاچقا ئادىتىم،
پۇقرا بولغاچ كىملىكىم باشلىق ئەمەس ئادىشىم،
كۆل بولدىغۇ قەلبىمدىكى شۇ ئۇلۇغ ئارمىنىم،
بىلمەيتىمەن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەك تەسمىدى.

ھەر بارغاندا قېشىغا رەسمىيەتلەر دەيدۇ كام،
مۇز چىراي كاتىپمۇ ياغدۇرار دەككە-دەشنام،
ئاڭلىسام باشقىلاردىن «ئىشلىرىم بويىقاپتۇ خام»،
قىزىل بولاق بېرەركەنمەن قويۇپ بىخەتەر نام،
بىلمەيتىمەن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەك تەسمىدى.

ئىش كۆرمىگەن چالا دەپ خەقلەر ماڭا ئۆگەتتى،
«بىر داستىخان راسلىساڭ ئابرۇيۇڭ تېز ئۆسەتتى،
بېزىدىكى غېرىب كەپەڭمۇ چوڭ شەھەرگە كۆچەتتى»
گېپىڭلارغا «ھە» دېسەم ۋىجدان نۇرۇم ئۆچەتتى،
بىلمەيتىمەن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەك تەسمىدى.

چىپىپ باقتىم قاتراپ داستىخانمۇ راستلاي دەپ،
گېپى ئۆتەر باشلىقنى ئاشخانىغا باشلاي دەپ،
ئىش ئۆتمىغان ئادەتنى بۇ پۇرسەتتە تاشلاي دەپ،
ياراتمىدى باشلىقلار «ئاقسارايى» غا باشلا دەپ.
بىلمەيتىمەن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەك تەسمىدى.

تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بەش تال بېلىق

## (چۆچەك)

روزىھاجى ئىمام (2008)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئالتە تاغنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك بىر كۆلنىڭ بويىدا بىر بېلىقچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كۆلگە بېرىپ كونىراپ كەتكەن تورلىرىنى كۆلگە تاشلاپ، تۇتۇپ كەلگەن بېلىقلىرى بىلەن ئايالى ۋە بەش بالىسىنى باقىدىكەن. ھەر كۈنى سەھەردە ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر كۈن كەچ بولغىچە كۆلگە نەچچە قېتىم تور تاشلىسىمۇ پەقەت بەش تاللا بېلىق تۇتالايدىكەن. بېلىقچى بۇ بەش تال بېلىقنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن بىللە غىزالىنىدىكەن. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بېلىقچىنىڭ بالىلىرى بارغانسېرى چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇرۇنقىدەكلا كۆلدىن تۇتۇپ كەلگەن بەش تال بېلىق بىلەن كۈنلىرىنى داۋام قىلىپتۇ.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى، بېلىقچىنىڭ ئايالى كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بېلىقچىنى ھويلىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق پىچىرلاپتۇ:

-قارىسىلا دادىسى، ھازىرغىچە كۈنلۈك يېمەكلىكىمىزگە سىلى كۆلدىن تۇتۇپ كەلگەن بەش تال بېلىقنى يەپ كېلىۋاتىمىز، بالىلار چوڭلىغانسېرى بىزنىڭمۇ، بالىلىرىمىزنىڭمۇ قورسىقى يېرىم-ياتا تويۇدىغان بولۇپ قالدى. يا سىلى كۆلدىن تۇتۇپ كېلىدىغان بېلىق ئاۋۇمىدى، يا بىزگە باشقا ئىش-ئوقەت چىقمىدى. كۆلدىن ھەر كۈنى تۇتۇلىدىغان بېلىق پەقەت بەش تاللا، بىز بولساق يەتتە. شۇڭا بالىلىرىمىزدىن ئىككىنى تاغ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ، تاشلىۋېتىپ كەلسىلەمۇ بوپتىكەن. بولمىسا بۇندىن كېيىن ھەممىمىز ئاچ قالىدىغان ئوخشايمىز.- دەپتۇ.

بېلىقچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ ۋە خوتۇننى ئەيىبلەپ بىر مۇنچە كايىپ كېتىپتۇ. لېكىن بېلىقچىنىڭ خوتۇنىمۇ بۇ ئويىدىن ھېچ يانماپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ:

- سىلى ئۇنداق دېگەن بىلەن، قالغانلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ھامىنى مەن دېگەندەك قىلماي بولمايدۇ.- دەپتۇ ۋە ئۇنىسىز ھالدا كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېلىقچىمۇ جىمىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن يەنە بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە، بىر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بېلىقچى قورسىقىنىڭ تازا تويمىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلىرىغا يوشۇرۇنچە بىر-بىرلەپ سەپسېلىپ قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىنمۇ «بېلىقتىن يەنە بولغان بولسا، يېگەن بولساق» دېگەن مەنىدىكى تەلمۈرۈشنى سېزىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە خوتۇنىنىڭ ھېلىقى گېپى كەپتۇ ۋە ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى بۇ بىر كېچە خوتۇنى بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مىڭبىر تەسلىكتە بىر قارارغا كەپتۇ. بېلىقچى ئوتتۇرانچى قىزى بىلەن كىچىك ئوغلىنى تاغ ئىچكىرىسىدىكى ئورمانلىققا ئەكىرىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ.

ئەتىسى چىڭقى چۈشتە بېلىقچى ھېلىقى ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ، بىر قەپەسنى ئېلىپ، تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئاتا-بالا ئۈچەيلەن پىيادە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ، بىر چاغدا ئۇ يوغان تۈلۈم چاشقاندىن بىرنى كۆرۈپ «لازىم بولىدۇ، بالىلىرىم» دەپ ئۇنى تۇتۇپ، قەپەسكە سېلىۋاپتۇ. قاش قارايغان چاغ بولغاندا، چوڭ بىر جىگدىلىككە يېتىپ كەپتۇ. بېلىقچى بۇ بۈك-باراقسان جىگدىلىكتىكى يوغان بىر تۈپ جىگدىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ۋە بار كۈچى بىلەن جىگدىنىڭ بىر چوڭ شېخىنى بىر قانچە قېتىم قاتتىق لىڭشىتىپتۇ. جىگدە شېخىدىكى قىزىرىپ پىشقان نان جىگدىلەر يەرگە توكۇلداپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا بېلىقچى بالىلىرىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

- بالىلىرىم، يەرگە چۈشكەن جىگدىلەردىن تويغۇچە تېرىپ يەڭلار. مەن جىگدىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سىلەرگە ئىرغىتىپ بېرىمەن. لېكىن ھەرگىز ئۈستىگە قارىماڭلار. مەن سىلەرنى چاقىرىپ «قاراڭلار بالىلىرىم» دېمىگۈچە زادى بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار.- دەپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئاچ قورساق بالىلىرى «ماقۇل، جان دادا» دېيىشىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە

يەردە چېچىلىپ تۇرغان جىگدىلەرنى تېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بىلىقچى باللىرىنىڭ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جىگدە تېرىپ يەۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۈلۈم چاشقان سولانغان قەپەسنى جىگدىنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزى ئاستا ئاۋايلاپ جىگدىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. تۈلۈم چاشقان قەپەسنىڭ ئىچىدە توختىماستىن ئۇياندىن-بۇيانغا چۆرگىلەپ يۈگۈرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن جىگدىنىڭ شېخى لىڭشىپ، شىلدىر-شىلدىر قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بىلىقچى باللىرىغا تۇيدۇرماي يەڭگىل-يەڭگىل قەدەم ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئارقىسىغا قاراپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، باللىرى يەردىن بېشىنمۇ كۆتۈرمەي جىگدە تېرىپ يەۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن بىلىقچىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىپتۇ. بىلىقچى بۇ يەردىن يۈرەك پارىلىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، بەكمۇ تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىدىن ئۆزىگە نەپرەتلىنىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا چارە تاپالمىغانلىقىدىن تولىمۇ ئازابلىنىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆككىنىچە يېنىك قەدەملىرىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ، كەينىگە قايتا قارىيالماستىن ئۆيىگە قاراپ يۈگرەپتۇ.

ھېچنېمىنى سەزمىگەن بىلىقچىنىڭ باللىرى يەردىكى جىگدىلەرنى بىر تال-بىر تالدىن تېرىپ ساپاقلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، پۇۋلەپلا ئاغزىلىرىغا سېلىپ يېيىشىپتۇ. بىلىقچىنىڭ باللىرى بۇندىن بۇرۇن بۇنداق تەملىك نەرسىنى يەپ باقمىغاچقا، يەردىكى جىگدىلەرنى بىر-بىرىدىن تالىشىپ دېگۈدەك چاققانلىق بىلەن كاپ-كاپ قىلىپ، چالا قويماي تېرىپ يەپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئاچا-ئىنى ئىككەيلەن جىگدىلەردىن خېلى كۆپ تېرىپ يەپتۇ. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى تويۇپتۇ، ھەر ئىككەيلەننىڭ كۆڭلىگە «دادام نېمىشقا بىزنى چاقىرىپ، ئۆيگە كېتەيلى دېمەيدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال كەپتۇ. بىلىقچىنىڭ باللىرى «بىر دەمدىن كېيىن دادام بىزنى چاقىرىپ قالار» دەپ، جىگدىسىنى تېرىپ يەۋېرىپتۇ. ئەتراپ پۈتۈنلەي قاپقارا تونغا پۈركەنگەن پەيتتە، بىلىقچىنىڭ باللىرى دادىسىغا ئۆيگە كېتەيلى دېمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئۇلار بىر-بىرىگە ئىتتىرىشىپ، ھېچقايسىسى دادىسىغا بۇ گەپنى دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. بىر چاغدا باللار خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا باشلىرىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ جىگدە شېخىغا قاراپتۇ، لېكىن بۇ قاراڭغۇدا ئۇلار دادىسىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ شۇنچە سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە لىڭشىپ تۇرغان جىگدە شېخىدا قەپەستىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. بىلىقچىنىڭ باللىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، دادىسىنى تاپالمىغانلىقتىن قورقۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ. جىگدىگە يەنە قاراپتۇ. لېكىن دادىسىنى بۇ جىگدە دەرىخىدىن زادىلا تاپالماپتۇ.

ئاخىرى ئۇلار دادىسىنى ئىزدەپ باقماقچى بولۇپ، قاپقاراڭغۇ كېچىدە نىشانسىزلا قويۇق جىگدىلىكتە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇ كەڭرى كەتكەن جىگدىلىك بەكمۇ قاراڭغۇ ۋە ناھايىتى سۈرلۈك ئىكەن. ھەممە تەرەپتىن ھۇۋقۇشلارنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى، يەنە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بىلىقچىنىڭ باللىرى بەكلا قورقۇپتۇ، يىغلاپ-يىغلاپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى قورقۇپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىزلا يىراق بىر يەردىكى غۇۋا چىراغ نۇرىنى كۆرۈپتۇ. بىلىقچىنىڭ باللىرى «بۇ بەلكىم ئادەملەرنىڭ ئۆيىدىن چىققان چىراغ نۇرى بولسا كېرەك» دېيىشىپ، ئاشۇ چىراغ نۇرى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

بىلىقچىنىڭ باللىرى قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، يورۇقلۇق چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا بۇ جىگدىلىكتىكى ئېگىز-پەس يەرلەردىن نەچچە يەردە يىقىلىپ، نەچچە يەردە قوپۇپ دېگۈدەك مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتۈپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن بىلىقچىنىڭ باللىرى دېرىزىسىدىن چىراغ نۇرى چېچىلىپ تۇرغان بىر ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئىشىكنى چېكىپتۇ. جىندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆينىڭ ئىشىكنى سېمىز بىر ئاق ئېيىق ئېچىپتۇ. بىلىقچىنىڭ باللىرى بۇ چوڭ ئېيىقنى كۆرۈپ جان-پىنى چىقىپ كېتىپتۇ، ئېيىقمۇ بۇ ئىككى ئادەم بالىسىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئەسلى ئېيىق دوستى قىزىلباش ئالۋاستى قايتىپ كەلدى دەپ بىلىپ، ئىشىكنى ئاچقانىكەن. بىلىقچىنىڭ باللىرى قورقىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، لام-جىم دېيەلمەستىن ئېيىققا قاراپ قېتىپ قاپتۇ. ئېيىق باللارغا قورقماسلىقنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداقلا باللارنى ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ، تام ئوچاقنىڭ ئىچىدىن كۆمەچ ناننى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارغا يېگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئېيىق قىزىلباش ئالۋاستى قايتىپ كەلگەندە، بۇ باللارنى يەۋېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلىقچىنىڭ باللىرىنى ئۆيدىكى چوڭ كاتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ھەمدە باللارغا «مەن ئۈچ قېتىم چىقىڭلار دېمىگۈچە ھەرگىز چىقماڭلار، ھېچنېمىنى ئويلىماي ھازىرلا ئۇخلاڭلار» دەپ قاتتىق جېكىلەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېيىق تام ئوچاقتىن كىچىككىنە كۆمەچ ناننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ئۇۋاقلاپ قىزىلباش ئالۋاستىنىڭ كارىۋىتىغا چېچىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ جايىغا كېلىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىلباش ئالۋاستى قايتىپ كەپتۇ ۋە ئىشىكنى تاقىلدىتىپ چېكىپتۇ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاق ئېيىق ئىشىكنى ئېچىپ، قىزىلباش ئالۋاستىغا:

- نېمىشقا بۇنداق كەچ كېلىسەن؟ يېرىم كېچىدە ئۇيقۇمنى بۇزۇپ؟- دەپ تاپا-تەنە قىلىپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنى بالدۇر ئۇخلاشقا ئالدىرىتىپتۇ. ئۇلار كىرىپلا ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆز جايلىرىغا بېرىپ يېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قىزىلباش ئالۋاستى باللارنىڭ ھىدىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىراغنىمۇ ياقماي تۇرۇپ، ياتقان يېرىدىن قوزغىلىپلا مۇنداق دەپتۇ:

- ھەي، ئېيىق ئاداش، ئۆيدىن ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ؟!- دەپتۇ. ئېيىق جايىدىن مىدىرلىمايلا زەردە بىلەن:

- نەدە ئادەم پۇرىقى كېلىدۇ؟ ئادەم بولسا مەن ساق قويارمەنمۇ، جىم يات!-دەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قىزىلباش ئالۋاستى يەنە ياتقان يېرىدىن مىدىرلاپ:

- ھەي، ئېيىق ئاداش، ئۆيدىن ئادەم پۇرىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتىدىغۇ؟!ــ دەپتۇ. ئېيىق بۇ قېتىم ئاچچىقلاپ تۇرۇپ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ نەدە ئادەم پۇرىقى كېلىدۇ؟ بۇنداق گەپنى قويۇپ، جىم يات!ــ دەپتۇ.

يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. قىزىلباش ئالۋاستىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، بىرەر نەرسە يېمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئېيىققا:

ــ ھەي، ئېيىق ئاداش، كۆمەچ ناننى يېمەيلىمۇ؟ــ دەپتۇ. ئېيىق ماقۇل بولۇپتۇ ۋە قىزىلباش ئالۋاستىغا:

ــ ئۇنداق بولسا سەن بېرىپ تام ئوچاقتىن كۆمەچ ناننى تېپىپ كەل،ــ دەپتۇ. قىزىلباش ئالۋاستى كۆمەچ ناننى تېپىپ كېلىشكە ئۇنىماپتۇ ۋە ئۇمۇ ئېيىققا:

ــ ئۆزەڭ بېرىپ تام ئوچاقتىن كۆمەچ ناننى تېپىپ كەل،ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە كۆمەچ ناننى ئەكىلىشنى بەس سېلىشىپ، خېلى ئۇزۇن تالىشىپتۇ. ئاخىرى ئىككەيلەن بىرلىكتە بېرىپ كۆمەچ ناننى ئەكەلمەكچى بولۇپتۇ. ئېيىق بېرىپ جىنچىراغنى ياندۇرۇپتۇ. ئۇلار تام ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوچاقتىكى كۈلنى قوچۇپ، كۆمەچ ناننى ئىزدەپتۇ. ئۇلار ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، لېكىن كۈلنىڭ ئىچىدىن كۆمەچ ناننى تاپالماپتۇ. ئۇلار ئىنچىكىلىك بىلەن يەنە بىر نەچچە رەت ئىزدەپتۇ، لېكىن تام ئوچاقتىن كۆمەچ ناننى زادىلا تاپالماپتۇ. كۆمەچ ناننى تاپالمىغانلىقتىن قىزىلباش ئالۋاستى ئېيىقتىن گۇمانلىنىپتۇ. ئېيىقنى «كۆمەچ ناننى ئوغرىلىقچە يەۋاپسەن» دەپتۇ. ئېيىقمۇ قىزىلباش ئالۋاستىنى «كۆمەچ ناننى سەن ئوغرىلىقچە يەۋاپسەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئىككىسى خېلى ئۇزۇنغىچە دەتالاش قىلىپتۇ. ئاخىرى ئېيىق:

ــ كۆمەچ ناننى كىم ئوغرىلىقچە يەۋالغان بولسا، كۆمەچ ناننىڭ ئۇۋاقلىرى ئۇنىڭ قولى ياكى كىيىم-كېچەكلىرىگە چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇخلىغان يېرىدىن كۆمەچ ناننىڭ ئۇۋاقلىرى چىقىدۇ. كىم يەۋالغان بولسا، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمىز، ھەرگىز ئۆيگە قايتىپ كەلمىسۇن!ــ دەپتۇ.

قىزىلباش ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشۇلۇپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېيىقنىڭ ياتقان جايىغا قاراپتۇ، لېكىن ئۇ يەردىن كۆمەچ ناننىڭ بىرەر تال ئۇۋىقىنىمۇ تاپالماپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇلار قىزىلباش ئالۋاستىنىڭ ياتقان جايىغا بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە چېچىلىپ تۇرغان كۆمەچ ناننىڭ ئۇششاق-ئۇششاق ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئېيىق قىزىلباش ئالۋاستىنى «كۆمەچ ناننى سەن ئوغرىلىقچە يەۋاپسەن» دەپ قاتتىق خاپا بولۇپتۇ ۋە قىزىلباش ئالۋاستىدىن قاتتىق رەنجىگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن دەرھال يوقىلىشىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئېيىق قىزىلباش ئالۋاستىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بېلىقچىنىڭ باللىرى ئەمدى بۇ ئۆيدە خاتىرجەم تۇرالايدىغان بولۇپتۇ.

ئاق ئېيىق قىزىلباش ئالۋاستىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بېلىقچىنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆز غەمنەتلىرى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. ئۇ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن بېلىقچىنىڭ باللىرىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپتۇ. بېلىقچىنىڭ باللىرى ئېيىقنىڭ ئۆيدە خۇشال-خۇرام، بەختلىك ياشاپتۇ. ئۇلار ئۆي-ئوچاقلىق بولغۇدەك بولغاندا ئېيىق ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېلىقچىنىڭ باللىرى بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنىنى ئۆزى جان ئېتىپ ياشاپتۇ.

ئەمدى گەپنى بېلىقچىدىن ئاڭلايلى. بېلىقچى ئىككى بالىسىنى تاغ ئېچكىرىسىگە ئەكىرىپ تاشلىۋېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۈندە ئاشۇ كىچىك كۆلدىن بېلىق تۇتۇپتۇ. بىرىنچى كۈنى كۆلگە تور تاشلىسا، بەش تال بېلىق چىقىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كۆلگە تور تاشلىسا، تۆت تال بېلىق چىقىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تور تاشلىسا، ئۈچ تال بېلىق چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بېلىقچى بۇ كۆلدىن كۈندە بىردىن بېلىقنى ئاز تۇتۇپتۇ. ئالتىنچى كۈنى بېلىقچى كۆل بويىغا كېلىپ كونىراپ كەتكەن تورنى يەنە كۆلگە تاشلاپتۇ، لېكىن بىرمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ. بېلىقچى تورغا بېلىق چۈشۈپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولۇپ، بىر كۈن كەچ بولغىچە توختىماستىن كۆلگە تور تاشلاپ بېقىپتۇ، لېكىن تورغا ئەخلەت-چاۋارلارلا ئىلىنىپتۇكى، بىر تالمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ.

زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقاندا ھېرىپ-چارچىغان بېلىقچى قۇرۇق تورنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ خوتۇنىغا:

ــ ھەي، ئىسىت! ئەسلى بۇ كۆلدىكى بېلىقلار باللىرىمىزنىڭ رىزقى ئىكەندۇق. بىز تاش يۈرەكلىك قىلىپ ئىككى بالىمىزنى تاشلىۋەتكەچكە، كۆلدىكى بېلىقلارمۇ تۈگەپ كەتتى. جان-جىگەر باللىرىمىزنى تاشلىۋەتمىسەك بولۇپتىكەن. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ قانداق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەرمىز؟ــ دەپتۇ. بېلىقچىنىڭ خوتۇنى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ. ئۇمۇ باللىرىنى سېغىنىپ كۆز يېشى قىلىپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئويدا بولغانلىقىغا ناھايىتى پۇشايمان قىلىپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ بېلىقچى يىراق-يىراقلارغا چىقىپ، باشتا مەدىكارلىق قىلىپ بېقىپتۇ، بىراق ئۇنى ئىشقا سالىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى بولماپتۇ. ئامالسىزلىقتىن ئۇ مەھەللىمۇ-مەھەللە ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىش يولىغا كىرىپ قاپتۇ. بېلىقچى مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بېلىقچىنىڭ تاشلىۋەتكەن قىزى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتسا، بىر تىلەمچى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، بىر پارچە نان تىلەپتۇ. بېلىقچىنىڭ قىزى كاتتىن بىر پارچە نان ئېلىپ چىقىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ. تىلەمچى قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا بېلىقچىنىڭ قىزى تىلەمچىنىڭ يۈزىگە ئىختىيارسىز شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. تىلەمچى ناننى خۇرجۇنىغا سېلىپ ئىشىك ئالدىدىن كېتىپتۇ. قىز ئۆيگە قايتىپ كىرگەچ ئىچىدە «بۇ ئادەم دادامغا ئەجەپ ئوخشايدىكەنا» دەپ ئويلاپتۇ.

يەنە بىر نەچچە ھەپتىلەردىن كېيىن، بۇ تىلەمچى ئىككىنچى قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ نان تىلەپتۇ. بۇ نۆۋەت بېلىقچىنىڭ قىزى تىلەمچىگە ئىككى نان بېرىپتۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا ناننى بەرگۈچە ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ئائىلىسىدە قانچە جان ئادەمنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئىشنى قىلغىلى قانچىلىك ئۇزۇن بولغانلىقى قاتارلىقلارنى سوراپتۇ. تىلەمچى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى بىر كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنى باقىدىغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىدە بەش

كىشىنىڭ بارلىقىنى، بىر كۈنلەردە كۆلدە بېلىقلارنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكتىن ئامالسىز تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن نارەسىدە ئىككى بالىسىنى جاھاننىڭ قاتتىقچىلىق كۈنلىرىدە چىدىيالمىغان ھالدا تاشلىۋەتكەنلىكىنى دېمەپتۇ.

بېلىقچىنىڭ قىزى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۇ ئادەمنىڭ دەل دادىسى شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەپتۇ. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئىنىسىغا بۇ تىلەمچىنىڭ ئىشىنى ئېيتىپتۇ. ئىنىسى ئۇنىڭغا كېلەركى قېتىم بۇ تىلەمچى كەلگەندە، تاماق ئېتىپ كۈتۈۋېلىشنى ھەمدە ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە تىلەمچىنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ تىلەمچى يەنە بۇ يەرگە كەپتۇ. بۇ قېتىم بېلىقچىنىڭ قىزى ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە بىر ۋاخ ئوخشىغان تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئىنىسى قايتىپ كەلگۈچە ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئوغۇل بۇ ئورمانلىقنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بولۇش جەريانىدا، ئېيىقتىن ئۆگىنىپ ماھىر ئوۋچى بولۇپ يېتىلگەنىكەن. ئۇ پات-پات ئوۋغا چىقىدىكەن، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كېلىپ، ئۆيىنى جەرەن، بۇغا گۆشى ۋە تېرىلىرى بىلەن توشقۇزىۋېتىدىكەن. شۇڭا ئاچا-ئىنى ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئىكەن. ئوغۇل بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. ئىنىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاچا-ئىنى ئىككەيلەن بېلىقچىدىن ئۇنى-بۇنى سوراپ مۇڭدىشىشقا باشلاپتۇ. بېلىقچىمۇ كەچۈرمىشلىرىنى قايتىدىن بايان قىلىپتۇ:

- مەن ئەسلى بىر كۆيۈمچان دادا ئىدىم، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ، ئەجىر-ئەمگىكىم بىلەن خوتۇن-بالىلىرىمنى بېقىپ كېلىۋاتقان ئىدىم. لېكىن كۈندە ئارانلا بەش تال بېلىق تۇتقىلى بولىدىغان بۇ كۆلدىن بىر تال بېلىقنىمۇ ئارتۇق تۇتقىلى بولمايتتى. بىز بىر ئائىلە يەتتە جان ئادەم مۇشۇ كۆلدىن تۇتۇپ كەلگەن بېلىقتا غىزالىنىپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. بىر كۈنى خوتۇنۇم ئەقلىدىن ئېزىپ «بالىمىزدىن ئىككىنى تاشلىۋېتىپ كەلمىسىلە، قورسىقىمىز بۇ بېلىقلارغا تويمايدىكەن» دېگەنىدى، مەنمۇ خوتۇنۇمنىڭ گېپىگە كىرىپ، بالىلىرىمنى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ تاشلىۋېتىپ، كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بېرى بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان كۆلدىن تۇتىدىغان بېلىقمۇ كۈندە بىر تالدىن ئازلاپ، ھەپتىگە بارماي تۈگەپ كەتتى. بالىلىرىم ئۇششاق ئىدى، ھەمدە قىلغۇدەك باشقا ئىش-ئوقەتىمىزمۇ يوق ئىدى. كۈندە ئۈچ ۋاخ ئېچىپ تۇرىدىغان بۇ قورساقنى يېگۈدەك بىر نېمە تېپىش ئۈچۈن مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم. بۇ يوسۇندا تۇرمۇشىمىزنى قامداپ، بالىلىرىمنىمۇ چوڭ قىلىۋالدىم. ئۇلارمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقىدەك بولدى، لېكىن بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەردە قىلغىدەك باشقا ئىش يوق. شۇنداق بولسىمۇ بىز تاغ باغرىغا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان بولساقمۇ، ھوسۇل پەقەت ياخشى بولماي كېلىۋاتىدۇ. ئايالىم بالىلىرىم بىلەن ئۆيدە قېلىپ، يەنىلا شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىمغىمۇ ئۇزۇن يىللار بولدى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان ھېلىقى ئىككى بالامنى ھاياتتەكلا ۋە ھامان بىر كۈنى ئۇلارنى تېپىۋالىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. شۇڭلاشقىمكىن ھازىرغىچە يۇرتمۇ-يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپتىمەن. ئۇلارنى ھەر بىر ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم قاتتىق ئېچىشىپ كېتىدۇ. ھېچكىم مەندەك يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلىپ، ھىجران ئازابىغا قالمىسۇن.- تىلەمچى بوۋاي بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق قىسمەتنى سۆزلەۋېتىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. كۆز ياشلىرى ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنى نەمدىۋەتكەن بۇ بوۋاي ئازابلىق كەچۈرمىشىنى سۆزلەشنى توختىتىشىغا، بېلىقچىنىڭ قىزى بىلەن ئوغلى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ھازىر ئالدىدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئۇلار دادىسىنى سېغىنىشلىق مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. بوۋايمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي گاڭگىرىغان ھالدا بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بېلىقچىمۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ:«سەۋەنلىكىمنى كەچۈرۈڭلار» دەپتۇ. بالىلىرى يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىغا:

- ئۇنداق دېمىسىلە، دادا. بىز سىلىدىن ھەرگىز رەنجىمەيمىز.- دەپتۇ. ئاتا-بالا ئۈچەيلەن ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا يىغلاپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي ئىككى بالىسىنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئايالى ئۇزاق يىللاردىن بېرى بالىلىرىنى سېغىنىپ، قىلغان خاتا ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ، ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ يولدىشى باشلاپ كەلگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆزلىرى تاشلىۋەتكەن ھېلىقى ئىككى بالىسىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا كۆز ياشلىرى يەنە تارام-تارام ئېقىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئايالىمۇ بۇ ئىككى يۈرەك پارىسىغا ئېسىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدا بەكلا ئازغانلىقىنى، بۇرۇنقى خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى سوراپتۇ. بالىلارمۇ ئانىسىنى قۇچاقلاپ:«بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، بىز سىلەرنى بەك سېغىندۇق» دېيىشىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئۆيدە قالغان ھېلىقى ئۈچ پەرزەنتىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئاخىرى تېپىلغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز شادلىنىپتۇ. ئاچا-ئىنى ئىككەيلەن ۋە بېلىقچى بولغان ۋەقەلەرنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگىنىدە بولسا، ئۇلار بەكمۇ ھەيران قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن قېرىنداشلار يەنە جەم بولۇپتۇ. ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلغان ئوغۇل بىلەن قىز ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈم-ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر شەھەر سەمەن يېزىسىدىن مەخپىرەتگۈل مەمەت (باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە)

رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچى: روزىھاجى ئىمام (2008)

تەھرىرى: ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر(2008)

www.uyghurkitap.com




دۇنيادا ۋىسال شادلىقىدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك!

ئۆيگە قايتقان كۈنى كەچتە ئانامنىڭ جەننەت نېمەتلىرىگە قانغۇچە تويۇپ، ئېتىكىدە ئەركىلەپ ياتقىنىم ئېسىمدە. ئانام بىر تەرەپتىن بېشىمنى سىلىغاچ يېرىم يىل مابەينىدە يۈرتتا يۈز بەرگەن كۆڭۈللۈك ھېكايىلەرنى، ئۆزگىرىشلەرنى؛ يەنە ئۆزلىرىنىڭ مېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى، تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا يولۇمغا تەلمۈرۈپ نەچچە-نەچچە رەت ئىشىك ئالدىغا چىققانلىقىنى ماڭا تونۇش ئاۋازى، ئەمما ناھايىتى يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن ئىخچاملاپ بېرىۋاتاتتى. «ئوغلۇم، ساڭا بولغان سېغىنىشىمنى ئەڭ كۈچەيتىدىغىنى چۈشلىرىمدە ئايان بولۇشۇڭ! ھەر رەت چۈشلىرىمگە كىرگىنىڭدە كۈلۈمسىرەپ ماڭا باغاش ئېچىپ كېلىسەن. لېكىن، ھەر قېتىم سېنى شۇنچە ئۇزاق تۇتۇپ تۇرۇشنى ئارزۇلىسامۇ، مەزىنىنىڭ كۈچلۈك ئەزان ئاۋازى مېنى بۇ تاتلىق چۈش قوينىدىن سۆرەپ ئەچىقىدۇ!»

ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن ئاشۇ سېغىنىشلىق كۈنلەرنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم. كۆردۈميۇ، ئانامنىڭ يەنە پۈچىلىنىشىدىن قورقۇپ بىر مۇنچە كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەرنى تۆكتىپ، ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆزۈمنى كاڭغا تاشلىدىم.

ئانا، ئىنسان ئۇخلىغاندا روھ تەندىن ئاجراپ يىراق-يىراقلارغا كېتىدۇ دېيىشىدىكەن. ئاشۇ چۈشلىرىڭ بىزنىڭ روھىمىزنىڭ قوشۇلغانلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ!؟ دۇنيادا روھنىڭ قوشۇلىشىدىنمۇ ئۇلۇغ ۋىسال بولامدۇ!؟ جېنىم ئانا، ئاشۇ چۈشلىرىڭدىكى دىدارلىشىشقا قانماي تۇرۇپلا، بۇ ۋىسالنى دۇئا ۋە تىلەككە ئۇلايدىكەنسەن، تېخى!

بىلىمەن ئانا، كۈندۈزلىرى سېغىنىشلىرىڭنى ھىدىم سىڭگەن كۆڭلەكلىرىم، جانسىز سۈرەتلىرىم ئارقىلىق باسىدىغانسەن! مەن ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى ھەرقېتىم سۇغارغاندا ياكى گۈل ۋە ياپراقلىرىدىكى چاڭ-توزانلارنى يۇيغان چېغىڭدا، قەلبىڭدىكى ھىجران داغلىرىمۇ يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالامسەن؟! ھەرقېتىم بۇلاق بېشىغا چىققىنىڭدا، دائىم پېشىڭگە ئېسىلىپ بىللە چىقىدىغان سەبىي چاغلىرىم يادىڭغا يېتىپ ياش دۇردانىلىرىڭ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىگە قوشۇلغاندا، بۇلاق بويىدىكى مەجنۇنتال، گۈل-گىياھلارمۇ مۇڭلىنىپ قالىدىغاندۇ-ھە!؟... ياق! مېنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرلىرىم سېغىنىش يالقۇنلىرىڭنىڭ بىر تال ئۇچقۇنىدۇر، خالاس!

ئانا، مەن چۈشلىرىڭدە زاھىر بولغىنىمدا ئەتراپىمغا سەپسېلىپ باقتىڭمۇ؟ ئۇ يەردە يات، ئەمما، يېقىملىق تەبەسسۇملارنىڭمۇ زىيالىرىنى كۆرگەنسەن؟! ئۇلارنى دېسەم ئانا! ئۇلار مېنىڭ ئارمانداشلىرىم، سىرداشلىرىم، كەلگۈسىدىكى كەسپداش، ھەمراھلىرىم! ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش مېھرىبان ئانىلىرىنىڭ، سۆيۈملۈك ئەل-يۇرتىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى يۈرىكىگە مەھكەم تاڭغان ئوت يۈرەك ئەۋلادلار! ئۇلارمۇ سېنىڭ باللىرىڭ ئانا! شۇڭا، ھەر قېتىملىق چۈشتىكى ۋىساللىرىمىزدىن كېيىن، دۇئا ۋە تىلەكلىرىڭگە ئۇلارنىمۇ قوشۇپ قويغىن!

ئانا، چۈشلىرىڭنىڭ بۆزۈلۈپ كېتىشىدىن قورقما! ئاشۇ شېرىن چۈشلىرىڭنىڭ، گۈزەل ئارمانلىرىڭنىڭ رېئاللىق بېغىدا مېۋە بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگىن! ئوغلۇڭغا ئىشەن، باللىرىڭغا ئىشەنگىن جان ئانا! جان ئانىلار!

تەھرىرى: مېھرۇللاھ تەۋەككۈل (2008)




تاڭ سەھەر. دېرىزەمنى ئېچىپ گۈزەل ئانا دىيارىمغا ئىپتىخارلانغان ھالدا نەزەر تاشلىدىم. يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇندەك نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇ ئەزىزانە زېمىندىكى ھەر بىر مەۋجۇدات، جۈملىدىن ھەربىر سىقىم تۇپراق، ھەربىر تېمىم سۇ، ھەربىر تال گىياھ...ھەممىسى شۇنچە گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك. دىيارىمنىڭ ھەربىر قەدىمي خالتا كوچىلىرىدىن، ئاۋات رەستىلىرىدىن يېقىملىق بىر لىرىك كۈي ياڭراۋاتىدۇ. قۇلاق سالدىم، بۇ كۈي تەرەققىياتقا قەسەدە ئوقۇۋاتقان، ئەنئەننى قەدىرلەپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچان، مېھماندوست قەشقەر خەلقىنىڭ خۇشاللىق كۈيى؛ يۈرەك باغرىنىڭ قات-قېتىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان دىل كۈيى. بۇ لىرىك كۈي مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ئانا دىيارنىڭ قوينىغا تارتتى، سىرتقا چىقىپ ئانا دىيارىمنىڭ ئىپار ھىدىدىنمۇ ئېسىل بىلىنىدىغان ساپ، پاكىزە ھاۋاسىدىن قېنىپ-قېنىپ نەپەسلەندىم.

قەشقەر كوچىلىرىدا مېڭىۋاتىمەن. ساددىلىق ۋە پاكىزلىق چىقىپ تۇرغان يېقىملىق چىرايلارغا قاراپ، يۇرتداشلارنىڭ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن چىرايلىق سالىمىغا جاۋابەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سۆيۈنۈش ئىلكىدە مېڭىۋاتىمەن.

قەشقەر كوچىلىرىدا مېڭىۋاتىمەن. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم تاشكەن، جىيەك قاداق، تاشكەن دوپپا، تەتىللا دوپپا... بىر-بىرىدىن نەپىس ھۈنەر-سەنئەتلىك باش كىيىملەرنى كىيىشىپ ئەرلەر ئەركەكلەرگە خاس مەردانىلىك ۋە سالاپەت بىلەن؛ ئاياللار ئاياللارغا خاس لاتاپەت ۋە شەرم-ھايا بىلەن يول يۈرۈشۈۋاتقان گۈزەل ئەنئەنەمنىڭ نادىر ۋەكىللىرىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىۋاتىمەن.

مېڭىۋاتىمەن. نەپىس ئانا تىلىمدا زوق-شوق بىلەن سۆزلەۋاتقان مەردانە خەلقىمنى كۆرۈپ قەلبىم دېڭىزدەك دولقۇنلىدى. ئەقىل-پاراسەتكە باي خەلقىمنىڭ نەمۇنىلىك قۇرۇلۇشى بولغان ھەيۋەتلىك ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرىدەك قەدىمي قۇرۇلۇشلاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندىم. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئابدۇرەھىم نىزارىي، گۇمنامىلاردىن پەخىرلىنىش ئىلكىدە چەكسىز ئىپتىخار تۇيغۇسىنى قەلبىمگە سىغدۇرالماي ئۆز-ئۆزۈمگە خىتاب قىلىپ مېڭىۋاتىمەن. مانا، بۇ مېنىڭ ئەزىز يۇرتۇم. مانا بۇ پەخىرلىك ماكان، گۈزەل دىيار-قەشقەرىم!

تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

www.uyghurkitap.com



# ئانا، مەن كەلدىم!

## (نەسر)

مەريەمگۈل تۇرسۇن سابىھى [2007]

پويىزنىڭ بىر خىل رىتىمدا چىقارغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ، كۆز نۇرلىرىمنى پويىز دېرىزىسىدىن سىرتقا ئاغدۇردۇم. يۇرتىمىز گۈزەل ماكانىمىزغا، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتىمىزغا يېقىنلاپ كەلگىنىمىزنى تۇيدىمۇ قانداق، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر خىل خۇشلۇق ئىلكىدە كۆكرەك قەپەسىمگە پاتماي دېگۈدەك سوقماقتا. پويىز دېرىزىسىدىن سىرتقا باققان شۇ پەيتتە، كۆزۈمگە گاھ ھېچنېمە ئۈنمىگەن قاقاسلىقلار ئايان بولسا، گاھ قۇمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تىكىلگەن تۇسۇلغان قاشالار ۋە بەزىدە شۇ قۇرغاق مۇھىتتىمۇ قەددىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان، بويى پاكار بولسىمۇ ئۆلى چەبدەس يۇلغۇن كەبى ئۆسۈملۈكلەر ئايان بولاتتى. شۇنداق، بۇ مېنىڭ ماكانىم، بۇ مېنىڭ ئانا يۇرتۇم! گەرچە سۇسىز قاقاسلىق بولسىمۇ ۋە بەزىدە توپا ئۇچۇپ تۇرسىمۇ بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، مېنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمدىن ئۆتە قەدىرلىك، ئاسمانغا ئېتىلغان سالىيوتلاردىن مىڭ ھەسسە چىرايلىق!

مەن مانا مۇشۇ ماكاننى كۆرمىگىلى، تۇتيا تۇپلىرىغا، ئابھايات سۇلىرىغا تەشنا بولغىلى نەق بىر يىل بولدى، مېھرىبان ئانامنىڭ، ئاقكۆڭۈل دادامنىڭ، مېھماندوست خەلقىمنىڭ چېھرىنى كۆرمىگىلى ساق بىر يىل بولدى.

بېيجىڭدىن يولغا چىققان پويىز قومۇلغا يېقىنلاشقاندا، خۇددى ئۆيۈمگە كەلگەندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلگەن ئىدىم. ئەمدى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان پويىز قەشقەر بېكەتكە ئاز قالغاندا كۆزگە چېلىقىدىغان ئىشچان خەلقىمىز بەرپا قىلغان ئانارلىق باغنى كۆرگەن ۋاقتىتا باشقىچە تېپچەكلەپ كەتتى. ئىختىيارسىز «ئانا، مانا مەن كەلدىم!» دەۋەتتىم. مەكتەپتە مەۋسۇملۇك ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە دادام ۋە باشقا قېرىنداشلىرىم بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرغان بولسامۇ، ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاچقا ئىزچىل كۆرۈشەلمىگەنىدىم. مەن ھەر قېتىم دادامغا تېلېفون قىلىپ ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا، دادام ماڭا ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئىش ئورنىدا ئىكەنلىكىنى، ئانامنىڭ ئەھۋالىنىڭمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ زېھنىمنى چاچماي تىرىشىپ ئوقۇشۇم كېرەكلىكىنى ۋە سىنىپ ھەيئەتلىك ۋەزىپەمنى ياخشى ئادا قىلىشىم كېرەكلىكىنى تاپىلايتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ئىلھام بولاتتى، بوشىشىپ قالغان چاغلىرىمدا يېڭىدىن كۈچ تېپىپ، تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەتتىم. «مانا ئىمتىھانىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بېرىپ كەلدىم، زەپەر مېۋىلىرىمنى ئانام، دادامغا كۆرسىتىپ بىر خۇش قىلىۋەتمىسەم» دېدىم ئىچىمدە ۋە ئىختىيارسىز سومكامدىكى ئالدىنقى مەۋسۇم ئالغان ئوقۇغۇچى مۇكاپات گۇۋاھنامەمنى سىلاپ قويدۇم. كۆز جىيەكلىرىم ئېچىشقاندەك، يۈرىكىم تىترىگەندەك بولدى، كۆپ نەرسە ئۆگىنىمەن، ئاتا-ئانامدەك مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك ئادەم بولىمەن، دېگەن ئويىنىڭ تۈرتكىسىدە، قىشلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، يەنە مەكتەپتە دەرس تەكرارلىدىم ئەمەسمۇ...

مۇشۇلارنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا پويىز قەشقەر بېكەتكە كىرىپ كەلدى. پويىز توختىماستىن بۇرۇنلا، چامادان، سومكىلىرىمنى ئېلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىۋالدىم. پويىز توختىشى بىلەنلا ئۆزۈمنى تېشىغا ئاتتىم. يېنىك بىر نەپەس ئالدىم.

يولۇچىلارنى قارشى ئالغىلى چىققان كىشىلەر توپى ئارىسىدىن بىر قاراپلا دادامنى تاپتىم، ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان يارىشىملىق دوپپىسى، كانۋاي كۆڭلىكى، چەبدەس بوي-بەستى، مېھىر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى باشقىلاردىن پەرقلىنىپلا تۇراتتى.

-دادا،-دېدىم-دە، ئۆزۈمنى دادامنىڭ قوينىغا ئاتتىم. ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنساندەك، خۇددى ۋەتەن مېنىڭ قوينۇمدىكىدەك بىر ھېسسىياتتا ئىدىم. قۇلىقىمغا دادامنىڭ «بالام، جېنىم بالام» دېگەن سۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن دادامنىڭ قوينىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئىشقا پىشقان، قاداق قوللىرىنى تۇتتۇم-دە، چىرايىغا باقتىم. دادامنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭ چىقىپ تۇراتتى، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتاتتى. دادامنى ھېچقاچان كۆرمىگەن بىر ھالەتتە كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى.

- دادا، ئانام قېنى؟- دەپ سورىدىم.

- ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى، ئۆيدە باشقا تۇققانلار بىلەن ساقلاپ قالدى،- دېدى دادام. مەن خۇشاللىق بىلەن باش

لىڭشتىتىم ۋە دادام بىلەن ئۆيگە يۈرۈپ كەتتىم. مەھەللىگە يېقىنلىغانسېرى توپ-توپ كېتىشىپ بارغان مەھەللە-كويلارنى كۆردۈم، ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. ھەممىسى «بالام، تىڭلىق كەلدىڭ، ياخشى ئوقۇدۇڭ بالام، سەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ پەخرى، ئاللاھ بەختىڭنى بەرسۇن، بەردەم قىلسۇن» دېدىيۇ، خۇددى مەندىن بىر نەرسە يوشۇرغاندەك، رومالنىڭ ئۇچىدا كۆزىنى سۈرۈتۈشكىنىچە كېتىشىپ قېلىشتى. بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بولسا، يا ئۆزۈمنىڭ خاتا كېلىپ قالغانلىقىمنى يا باشقا كىشىلەرنىڭ خاتا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم. ئىشىك ئالدىدا بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، بېلىگە ئاق چىگىۋالغان نۇرغۇن ئەرلەر، ئاق رومال ئارتقان، ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئاياللار تۇراتتى. مېنى كۆرۈپلا ئىككى ئاچام بىلەن ئىنىم يۈگرەپ كەلدى-دە، مېنى قۇچاقلىغانچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. دادام ئىتتىكلا بىزگە كەيىننى قىلىۋالدى. بۇ يىغا زارىنى ئاڭلاپ چىققان بولسا كېرەك، ئانامنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى-يۇ، بىزنى ئارىغا ئېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئانامنى ئىزدىدىم، تاپالمىدىم، كېيىن بىلدىمكى بىزنىڭ ئارىمىزدا يوق بولغان، بىز بىلەن تەڭ يىغلىمىغان ئانام بىز بىلەن، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ئىدى. ئانامنىڭ ئاچىسى رازىيە هامام بىر ئاق رومالنى بېشىمغا تاڭدى، بىر قارا ئۇزۇن چاپاننى ئۇچامغا كىيگۈزدى.

ئۆزۈڭ سۆيگەن، چىن قېرىنداشلىرىڭنى گەرچە كۈندە كۆرمىسەڭمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭ ساغلام، باياشات، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ياشىساڭ بۇمۇ سەن ئۈچۈن بەخت ئىكەن. ئەمما ئۆز قېرىنداشلىرىڭدىن، قەدىردانلىرىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشتىنمۇ ئۆتە ئازاب، ئەپسۇسلىنىش بولمىسا كېرەك...

- ياق! سىلەر يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، ئانا! ئانا مەن كەلدىم! مەن سېنى يوقلاپ كەلدىم! - دېدىم-دە، هويلىغا يۈگۈردۈم. كۆزلىرىمدىن ياش تامچىلىسا، قەلبىمدىن قان تامچىلاۋاتاتتى، گېلىمنى بىر نەرسە ئىچىدىن بوغۇۋاتقاندەك، مەيدەم زەھەر يۇتۇۋالغاندەك ئاچچىق ئىدى. ئاچام كەينىمدىن هويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى-يۇ، مېنى قۇچاقلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تىرىشاتتىم، ئەمما پۇت-قولۇم شۇ قەدەر ماغدۇرسىز، مەن ئۆزۈم ھاياتمۇ، مەندە جان بارمۇ-يوق ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى. بىر ھازا ئېسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ تەسەللىسى ۋە مېھرىلىك سۆزلىرى ئاستىدا ئاستا-ئاستا يۇم-يۇم يىغلاشقا ئۆتتۈم. ئاچامنىڭ مۈرىسىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ هويلىغا نەزەر سالدىم، ئىشچان ئانامنىڭ قولىدىن ئۈچ ۋاخ يەم-خەشەك يەيدىغان ياۋاش قويلىرىمىز، ئىشىكنىڭ ئوڭ يېنىدىكى قوتاندا، خۇددى ئانامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرگەندەك مۆڭلۈق كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە تۇراتتى. ئانام دان سېلىپ بەرسە پالاقلاپ ئۇچۇپ، سايراپ جىم تۇرمايدىغان كەپتەرلەرمۇ سامانلىقنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى. ئاشخانا روجىكىنىڭ يېنىدىكى ئانام تېرىغان گۈللەر بولسا «ئاناڭ ھىدىنى بىزگە قويۇپ كەتتى، كەل يېنىمغا» دەۋاتقاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى...

ئۆيگە كىرىپ ئاچام بىلەن مۇڭداشقاندىن كېيىن بىلدىمكى، ئانام بىز بىلەن خوشلاشقىلى قىرىق كۈن بولۇپتۇ. ئانام مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئەگەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مېنى خەۋەرلەندۈرمەسلىكنى ئاللاھىدە تاپىلاپتۇ ۋە ماڭا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپتۇ. ئاچام ماڭا خەتنى تۇتقۇزغاندا قوللىرىم تىترەپ كەتتى. مېھرىبان ئانامنىڭ خېتىنى يۈرىكىمگە باسقانچە ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. خەتنى ئاچقىنىمدا كۆزلىرىم ياشقا تولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدىم، ئاچام ماڭا خەتنى ئوقۇپ بەردى:

سالام خەت

قەدىرلىك قىزىم، ياخشىمۇسەن؟ ئۆگىنىشىڭ قانداق؟ مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن چوقۇم مېنىڭ ۋە داداڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايسەن. ئۆزۈمدىن سۆز ئاچسام، مېنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان، بەلكىم سېنى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئەمما ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاللاھدىن ئۆتۈنىمەنكى، دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولارمىز.

قەدىرلىك قىزىم، سەن مەيلى ئەخلاق جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئۆگىنىش جەھەتتىن بولسۇن مېنىڭ كۆتكەن يېرىمدىن چىقتىڭ. سېنىڭدەك ئەخلاقلىق، غۇرۇرلۇق، بىلىملىك، شەرمى-ھايالىق بىر قىزىم بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن. راستىمنى ئېيتسام، ئۆز ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالماي دۇنيادىن كېتىشتىن بەكمۇ قورقاتتىم، ئەمما سىلەر مېنىڭ كۈتكەن يېرىمدىن چىقتىڭلار، ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىغا لايىق يېتىشىپ چىقتىڭلار، مەن سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سىلەر ئەمدى ئەلنىڭ قىزى بولۇڭلار، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىڭلار. گەرچە مېنىڭ ھاياتىم قىسقا بولسىمۇ، بىر ئانا بىر ئۆمۈر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى، مەجبۇرىيىتىمنى ھەر ھالدا ياخشى ئادا قىلالىدىم. سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنى يەرگە قارىتىدىغان ھېچقانداق بىر ئىش قىلمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

ئېسىڭدىمۇ قىزىم؟ كىچىك ۋاقتىڭدا بىرەر ناتوغرا ئىشلارنى كۆرسەڭ تۇزۇمەك كويىدا بولاتتىڭ، تۈزەلمىسەڭ، يىغلاپ كېتەتتىڭ. مەن سېنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىڭدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتىم. «ياش-ئويغاق قەلبتىن چىقىدۇ» دېگەنىدەك، ئۇ ئىشلار سېنىڭ ۋىجدان تارازاڭنىڭ ئۆلى ئىدى. مانا نەچچە كۈن بولدى، سېنىڭ باللىق رەسىمىڭدىن تارتىپ، تاكى ئالدىنقى ئاي ئەۋەتكەن خېتىڭ ۋە رەسىملىرىڭغىچە يېنىش-يېنىشلاپ تويماي كۆردۈم، بەزىدە سائەتلەپ تىكىلىپ قاراپ كەتتىم. جېنىم قىزىم، ئىنسان ساق ۋاقتىڭدا قەدرىگە يەتمىگەن ھاياتنىڭ قەدرىگە ئاغرىق-سىلاقىقا مۇپتىلا بولغاندا يېتىدىكەنسەن، قەدرىگە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ قەدرىگە ئايرىلغاندا يېتىدىكەن. جېنىم قىزىم، يۈرىكىم چىدىمايۋاتىدۇ...

قىزىم، داداڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال، سۆزلەشكۈسى كەلگەندە مۇڭداش بول، يول يۈرگەندە يولداش بول. پەخىرلىك قىزى بول. بالىسىزلارغا بالا بول، مېھرىڭنى بەر. ئانىسىزلارغا ئانا بول، ئىگە-چاقىسىزلارغا ئىگە بول. ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مېنىڭ چەبدەس قىزىم، مېنىڭ غەيرەتلىك قىزىم. سەن بىر قەترە ياش تۆكسەڭ، مېنىڭ جېنىم مىڭ كەررە ئازابلىنىدۇ. ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن!

- سېنى سۆيۈپ ئاناڭدىن.

بۇ خەتنى ئاڭلاپ يەنە يىغلاشقا، ئانامنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇشقا ھېچ جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭ ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. قەلبىمدە ئانامغا شۇنداق ندا قىلدىمكى: جېنىم ئانا، خاترجەم بول، سېنىڭ يۈزۈڭنى يەرگە قارىتىدىغان ھېچقانداق بىر ئىش قىلمايمەن، مەن ئەلنىڭ بالىسى بولىمەن، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىمەن!

تەھرىرى: مېھرۇللاھ تەۋەككۇل (2008)

# يۇمورلار



## خاتا بولۇپ قالدى

بىر كۈنى ئېگىز، ئورۇق كەلگەن بىر يىگىت ساتىراشخانىدىن چىقىپ، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرىنى سىلكىگىنىچە كوچىدا كېتىپ باراتتى.

بىر ئوتتۇرا ياش ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى سەزگەن ياش يىگىتنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. كۆتۈلمىگەندە، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ياش يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۈزۈت قىلغان ھالدا:

- سىزنىڭ ئارقا تەرەپتىن قارىغاندىكى باش سۈرىتىڭىز بەك چىرايلىقكەن، رەسىمگە تارتىۋېلىپ سودا ئېلانى ئۈچۈن ئىشلەتسەم بولامدۇ؟- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ياش يىگىت ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا:

- بولىدۇ، بولىدۇ. دېسەم-دېمىسەم سىز چوقۇم چاچ پاسونى لاھىيىلىگۈچى، توغرىمۇ؟- دېدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بېشىنى چايقاپ:

-ياق، مەن پول سۈرتكۈچ ساتىمەن.- دېدى.



## كىم ئۇنىڭ قالتىس؟

بىر كۈنى پىروفېسسور مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەرىنىڭمۇ خاتىرە يازماي ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدىن:

- خاتىرە يازمىساڭ، مەن سۆزلىگەن مەزمۇنلار قانداق ئېسىڭدە تۇرىدۇ؟- دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بارماق دىسكىنى ئېلىپ:

- مۇئەللىم، مەندە بۇ بار، بىرەدەمدىن كېيىن كۆچۈرۇۋالساملا بولىدۇ.- دېدى. پىروفېسسور بېشىنى لىڭشىتىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن:

- بارماق دىسكا ئەكەلگەنلەر قول كۆتۈرۈڭلار؟-دەپ سورىشى بىلەن، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك قول كۆتۈردى. پىروفېسسور كۆزئەينەك تاقىغان بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئارقا رەتتە قىمىر قىلماي، ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سورىدى:

- سىز ھېچنېمە ئەكەلمەپسىزغۇ، سىز قانداق قىلىسىز؟

ھېلىقى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

- مۇئەللىم، ئاۋازە قىلىدىغان بولدۇم، دەرستىن چۈشكەندە لېكسىيە مەزمۇنىنى QQرىمغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىڭىز، QQ نومۇرۇمنى سەل تۇرۇپ دەپ بېرەي!



## ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن

بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي قىز يىگىتتىن سوراپتۇ:

- راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز بۇرۇن قانچە قىز بىلەن يۈرگەن؟

يىگىت ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

- جىققۇ ئەمەس، خەق قانداق بولسا، بىزمۇ شۇنداق بولدۇق شۇ.

ئارقىدىنلا قىز:

- دەڭە زادى قانچە؟- دەپ قىستاپتۇ. يىگىت بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

- بىر قىز بالىنى بىر مەكتەپكە ئوخشاتساق، مەنمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش ئاۋال يەسلى، ئاندىن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، يەنە ماگىستىر، دوكتورغىچە ئوقۇدۇم، ئاخىردا سىز بىلەن تونۇشۇپ، «ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن»نى تاپتىم.



## كېيىنلىكىدىن ئەندىشە قىلىش

بىر كۈنى، ئاكىسى ئەمدى باشلانغۇچ ئۈچىنچى يىللىققا چىققان ئۇكىسىغا چاقچاق قىلىپ، ياخشى كۆرىدىغان قىز دوستىنىڭ بار يوقلىقىنى سورىدى .

- ئەلۋەتتە بار.- دېدى ئۇكىسى ۋە تەمكىن قىياپەتتە.- لېكىن بۇ، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. سېنىڭ سوراۋاتقىنىڭ قايسىسىكىن؟

بۇنى ئاڭلىغان ئاكىسىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، كۆڭلىدە، ھازىرقى بالىلار ھەقىقەتەن يامان بوپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى ۋە ئۇكىسىدىن:

- ئۇنداقتا سەن مەكتەپ ئىچىدىكى ياخشى كۆرىدىغان قىز بالىنى دەپ باققىنە؟

- لېكىن.- ئۇكىسى كۆزىنى چىمىلدىتىپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

- بىزنىڭ بۇ يىللىقتا سەككىز سىنىپ بار جۇمۇ!

تۇرسۇنجان مەمەت (2008) تەرجىمىسى




مەن زادى كىم؟ مەن نېمە ئىش قىلماقچى؟!

بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، تىنىقلىرىم يېتىشمەيۋاتىدۇ، خۇددى يامان چۈش كۆرگەندەك، خۇددى ناتونۇش بىر يەردە تېڭىرقاپ قالغاندەك...

چەلەڭگۇش ۋە مۇدھىش پۇراقلار ئارىسىدا پەقەتلا تىنىق ئالالماي قالدىم، چىداشقا تاقىتىم قالمىدى، ئاخىرى كىيىملىرىمنى يىرتىپ تاشلىدىم...

شۇ پەيتتە مەن زادى قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن دېگەنلەرنى ئويلاشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتىم. توغرا، مەندە مېڭە، تەپەككۇر دېگەن نەرسىلەر بولغانمىدى!؟

مەن خۇددى تەپەككۇردىن مەھرۇم قالغان مىسالى باشسىز بىر تەن...سوقرات ۋارقىرىماقتا: تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ!

بېشى يوق ئادەمنىڭ ياشيالىشى مۇمكىنمىدى؟! نىھايەت، تەپەككۇرى يوق، ھېچنىمىنى ئويلىيالمىغان ئادەمنى نېمە دېگۈلۈك؟!

مەن ھېچنىمىنى ئويلىمىدىم دېسەم خاتالاشقان بولىمەن، ھېچبولمىغاندا دوراشنى بولسىمۇ ئويلاۋاتىمەنمىكىن...

ئەمدى، ئەتراپىمدىكىلەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم، قاراپ ئانچە ھەيرانمۇ قالمىدىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك... كىيىملىرى يىرتىلغان، چاچلىرى پاخپايغان، چىرايلىرى تاتارغان... ھېچكىمنىڭ بىر-بىرى بىلەن كارى يوق، ئالدىراش ھالدا يوللىرىنى داۋام قىلماقتا ئىدى، ھەتتا بىر-بىرىگە قارىغۇدەكمۇ ۋاقتى يوقتەك، بەكلا ئالدىراش... بىكار قاراپ تۇرغان مەنلا بولسام كېرەك...لېكىن ئۇلار نېمىشقا شۇنداق ئالدىراش؟!

تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ يەنە مەن بىلەن ئوخشاشلىقىنى بايقىدىم، چۈنكى ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىنسان تائىپىسىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ زادى نېمىگە ئالدىراشلىقىنى سورىغۇم كەلدى...

سورىدىم، بىراق نېمە دېگەنلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم، ئەجەبا ، مەن راستىنلا بىر ناتونۇش جايغا كېلىپ قالدىممۇ؟

ئالدىمدىكىسى بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاۋاتاتتى، ئاۋازى تۇرۇپ كالىنىڭ مۆرىشىگە ئوخشىسا، تۇرۇپ يولۋاسنىڭ خىرىلدىشىغا، تۇرۇپ چۈشقىنىڭ چىرقىرىشىغا ئوخشىسا، تۇرۇپ قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىغا ئوخشايتتى... بۇلار زادى قانداق ئادەملەر بولغىيتتى؟ مەنچۇ؟!

يەنە ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسېلىشقا باشلىدىم، ئۇلارغا قارىغانچە بىزنىڭ نەقەدەر ئوخشاشلىقىمىزنى، نەقەدەر ئوخشىشىپ قېلىۋاتقىنىمىزنى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

«بىز ئوخشاشقۇ، نېمىشقا ئۆزئارا چۈشىنىشەلمەيمىز؟! مەن بەكلا بىكار قالدىم، قارىسام ھەممىڭلار بەكلا ئالدىراش، مېنىمۇ سىلەر ماڭغان يەرگە ئالغاچ كەتسەڭلار؟»

ئۇلارنىڭ ئەمدى ماڭا ئارتۇقچە گەپ قىلغۇسى كەلمىدىمۇ ياكى ماڭغان يېرىگە ئالدىراۋاتامدۇ، مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپلا كېتىپ قالدى، كېتىش ئالدىدا يەنە قول ئىشارىسى قىلدى، ئەمدى بۇنى چۈشەندىم، بۇ ئۇنىڭ خوش دېگىنى ئىدى...

مەن تەنھا قالدىم... مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىدىغان ھېچكىم يوق، مېنى تونۇيدىغان ھېچكىم يوق... مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟! مەن زادى كىم؟!  نېمىشقا ئۇلار مېنى تونۇمايدۇ؟!

مەن قىينالدىم، قاتتىق قىينالدىم... ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھالىمنى سورايدىغان بىرىمۇ يوق...

تەنھالىقتا ھېچ ئامالىم بولمىسا، ئامال بارغۇ جىمجىت كۆز ياش تۆكۈشكە؟!

ئامال بارغۇ تەنھا كۆرەش قىلىشقا؟!

مەن ئۆزۈمنى ئىزدەشكە باشلىدىم... ئىزدەۋاتىتىم... چەلەڭگۇش رەڭلەردىن، مۇدھىش پۇراقلادىن قاتتىق سىقىلغان يۈرىكىم مېنى نەپەسلەنگىلى قويمايۋاتاتتى...

مەن ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم... مەن ياشاۋېتىپتىمەن....

تەھرىرى: مېھرۇللاھ تەۋەككۈل (2008)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ھېكمەتلىرىم

شېرىنگۈل ئىبراھىم(2007)

ئالدىراپ كىشىگە ۋەدە بەرمە، ئەتە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بۇنى بەندە بىلىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئەتە جېنىڭ تېنىڭدە بولماي قالىدىكەن، ئۆزگىنى بىر قۇرۇق ۋەدىگە تەلپۈندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزۈڭ ۋاپاسىز ساياق سۈپىتىدە كېتىپ قالىسەن. ئەگەر بۇ ئالەمدە بولۇپ قالساڭ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، ھەتتا بۇنىڭلىق بىلەن كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىڭنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋالىسەن.

ئەگەر بىرىنى ياكى بىرەر ئىشنى ئۇنۇتاي دېسەڭ، باشقىچە ئامال-چارىلەرنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن رىيازەت چېكىپمۇ يۈرمە. بۇ ئۆزۈڭنى قىيناشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بىلگىنكى، ۋاقىت ئۇ ئەڭ ئۇنۇملۇك خاتىرە يوقىتىدىغان دورا. ھەممىنى ۋاقىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇر.

ئاتالمىش «ۋىجدان»ىڭنى بىردەم قويۇپ تۇرۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ باق: بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ھاياتىڭنى قانچىلىك مەنىگە ئىگە قىلالىدىڭ؟ خەلقىڭگە نېمە ئىشلارنى، قانچىلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىدىڭ؟

توۋا دەپ قالمەن. «ھېچكىمگە دېمە ئاداش-ھە!» دەپ تۇرۇپ ئىچ-قارنىڭنى كىشىگە تۆكۈۋاتىسەن. ئويلىغىنا قېنى! ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان مەخپىيەتلىكنى ئۆزگىلەر ساقلىيالىسۇنمۇ؟

مۇھەببەتكە قىلچە گۇمان ئارىلاشتۇرما. بىلگىنكى، مۇھەببەت بىلەن گۇمان بىر ئۆڭكۈرگە سىغماس ئىككى يولۋاسقا ئوخشايدۇ، چوقۇم بىرى سىرتقا مەھكۇم بولۇشى كېرەك.

بۇرۇندىن تارتىپ، يۇرتۋازلىق، مەزھەپلەرنىڭ دەردىنى بۈلۈشچە تارتىپ، تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە شۇ يەتمىگەندەك، ئالدىمىزغا بىرەر ناتونۇش كىشى كېلىپلا قالسا، «سىز شىنجاڭنىڭ نەرىدىن؟» دەپ سورىشىمىز بار. بەزىدە ئويلىنىپ قالىمەن، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم بىزگە خاتا قويۇلۇپ قالدىمۇ نېمە؟!

«بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىغان» دېگەن گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ساڭا قاراپلا چۈشەنگەندەك بولىمەن، ئەي ئىنسان! پۇشايمان دېگەننى قىلىپ، ھەقدادىغا يەتكۈزىۋېتىسەن-يۇ، يەنە بىر قېتىم شۇ ئىش ئالدىڭغا كەلگەندە، دەسسىشىڭ يەنە شۇ كونا سەنەم!!!

تەھرىرى: ئابدۇۋەلى پەرھات (2007)




ئايرىلغىلى يېرىم يىلدىن ئاشقان دىيارىمغا قاراپ ئاتلانغىلۋاتىمەن. ئانا يۇرتتىكى تونۇش ھېس، تونۇش پۇراق، تونۇش سېزىملاردىن قايتا بەھرىلەنگىلۋاتىمەن. بىزنى تۇغۇپ تەربىيىلىگەن دىيار، ئۆزىنىڭ كەڭرى قۇچىقىغا ئېلىپ بىزنى ئۆستۈرگەن ئوچاق. بىز ئۈچۈن تاۋاپگاھ بولغان دىيار، بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز ئۇنىڭ قوينىغا مۆكۈنگەن. بىز ئۇنىڭغا چەكسىزلىكتە تەلپۈنىمىز. چوڭقۇر ھۆرمەت، سېغىنىشتا ئىنتىلىمىز. ئۆزۈمنى، ئۆزلۈكۈمنى تېپىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم سەرسانلىقتا قالغان روھىمنى دىيارىمنىڭ ئوت كەبى ئىسسىق تەپتىدە پاكلاپ، ئۆز ئوربىتىسىغا كىرگۈزمەك بولۇپ، ئانا دىيارىمغا ئاتلانماقچىمەن. بىلىمەن، سەپەر قانچىلىك ئۇزۇن، قانچىلىك زېرىكىشلىك، قانچىلىك مۇشەققەتكە تولغان بولسا ھەم يۇرت ئىشقى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغان. «چوقۇم قايتىش كېرەك» دېگەن ئويىنىڭ تۈرتكىسىدە ئانا دىيارىمغا يۈرۈپ كەتمەكچىمەن، خۇددى ئۈچۈرما بولغان قارلىغاچمۇ ئاخىرى بېرىپ ئۆز ئۇۋىسىغا چۈشكەندەك. گەرچە ئۈچۈرما بولمىغان بولسامۇ، دىيارىمنىڭ ئىللىق ھىدىدىن بەھرىلەنسەم، ئۆزۈمنى تولىمۇ شاد سېزىمەن. دەھشەت ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆز ھارارىتى بىلەن مېنى كۆيدۈرسىمۇ ئۆز يۇرتۇم سالقىن شامال ئېسىپ تۇرغان بۇ يات شەھەردىن مىڭ ياخشى. ئىسسىق بولسا ھەم ئۆز يۇرتنىڭ ئۆزگە-دە. مەن ئانا تۇپراقنى كۆرىمەن. ئۇ يەردە قالغان دوست-بۇرادەر، قان-قېرىنداشلىرىم بىلەن جەم بولۇپ، گۆدەكلىكىمدىكى تاتلىق ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان شۇ شېرىن دەملەر قوينىغا غەرق بولىمەن. ئۇيغۇردىن ئۇزاقلىشىۋاتقىنىمغا قارىماي ھەممە يېرىدىن ئۇيغۇر دەپ تۇۋلاۋاتقان شەھەر كوچىلىرى، ئۆي-ئىمارەتلىرى بىلەن، تېخىمۇ مۇھىمى شۇ يەردە قالغان ئۆز قەۋمىم بىلەن دىدارلىشىمەن. ئۆزۈم يىششىلىقتا پۈركەنگەن، بەك ئىسسىپ كەتسە يامغۇر ياغدۇرۇپ ئىللىتىپ قويىدىغان بۇ شەھەردە تۇرىمەن، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن يەنىلا «ئانا تۇپراق» دېگەن ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بەزىلەر تەرىپىدىن «ئوت ماكانى، دوزاخ» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان، ئۆز ئېكولوگىيەسىنى تەڭشەش ئىقتىدارىدىن بارغانسېرى مەھرۇم قېلىۋاتقان شۇ ئانا ماكان ماڭا يەنىلا جەننەت مىسالى. سۈنئىيلىكتىن ئۇزاق، تەبىئىيلىك ئىچىدە ياشناۋاتقان ھاياتى بىلەن قەدىرلىك تۇيۇلىدۇ. خەير، بۇ جايدىكى گۈزەللىكلەر گۈزەلچە قېلىڭلار.

ئەي، ئانا دىيار! نېمىلەرنى ساقلاپ قويغانسەن پەرزەنتىڭگە «سالامىلىق» دەپ؟

## ئۇيغۇرغولدا

پويىزدىكى مىڭبىر جاپالارنى تامام قىلىپ، يۇرتىمىز مەنزىلىگە يېتىپ كەلدۇق. پويىزدىن چۈشكىنىمىزدە دىمىقىمىزغا ئۇرۇلغىنى ئۇيغۇرغولنىڭ ئىسسىق ۋە دىمىق ھاۋاسى ئەمەس، سالقىن، جانغا يېقىشلىق سەھەردىكى سۆرۈن ھاۋاسى بولدى. ماشىنا كېتىپ باردۇ. ماڭا تونۇش قومۇل كوچىلىرى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولماقتا .

قومۇلنىڭ تارىخى، مەدەنىيەتى ھەققىدىكى ئويلىرىم كۆز ئالدىمدىكى قومۇل مەنزىرىلىرى بىلەن تېخىمۇ قانات يايماقتا. ئۇيغۇرغول — ئۇۋىرغول① — تارىخنىڭ ئەڭ قەدىمىي سەھىپىلىرىگە پۈتۈلگەن شۇ دەملەردىلا ئۇيغۇرنىڭ نامى بىلەن خاتىرىلەنگەن يۇرت. شامان دىنى مەركەزلىرىدىن بولۇش سۈپىتىدە «قام ئىل»- قاملار ئېلى نامىنى ئالغان. «قامىل (خەنزۇچە 哈密 )-قامۇل- قومۇل» نامى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئومۇملاشقان ۋە بۈگۈنگە شۇ تەرىقىدە ئۇلاشقان. تارىختىكى شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدىكى سودا، مەدەنىيەت، ئۆرۈش بۇ جايدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەتكە ساھىب بولغان بۇ

خاسىيەتلىك ماكان كۆپ خىل مەدەنىيەتتىن ئۆز ئۆلۈشىنى ئالغان. ئۈچ يۈز يىللىق قومۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى بېكىك سىياسەتنىڭ تەسرىدە ئۆز خاسلىقىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەتى تەركىبلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن بىز ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان ماكان. بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگرىسىنىڭ كەڭرىلىكى ئۇنىڭ مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ خىل كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرى بولۇشىمىز ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ ئۇنى چۈشىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، باشقىلارغا بىلدۈرۈشىمىزنى شەرت قىلىدۇ. بۇ خىل كەڭ زونىغا تارقالغان كۆپ خىل مەدەنىيەتنى بىلىش ھەرگىزمۇ ئىككى-تۆت تال كىتاب كۆرۈش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قومۇلنىڭ تىل ئادىتى بويىچە بەش شار، ئون ئىككى تاغ②نى كۆرۈپ، ھەر شار، ھەر تاغلارنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش كېرەك. قومۇل (ئۇيغۇرغول) نىڭ جاي-جايلىرىغا بېرىپ تىل، فولكلور، تارىخ، مەدەنىيەت كۆپ قىرلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن نىشانىم... خىياللىرىم تامامىغا يەتمەي تۇرۇپلا، ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ قالدۇق. ئاددىي، ئەمما مېھرى ئىسسىق، ئۆزگە يۇرتتا كۆزگە گۈل كۆرۈنىدىغان ئۆيلەر. يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، بىراق بىزنى، باللىرىنى دەپ جاپانى كۆپ تارتىپ، پېشانىسىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن تولىمۇ مېھرلىك كۆزلىرى، جاننى لال قىلغۇچى سۆزلىرى بىلەن يۈرەكلەردىكى ئوتنى يالقۇنجاتقۇچى ئانام؛ ھاياتىمىزغا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن تۆۋرۈك بولغۇچى ئۇلۇغ ئىنسان ئاتام؛ بىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىڭ دەسلەپكى سەھىپىلىرىدىلا ئاز بولمىغان قۇربانلىقلارنى بەرگەن، ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان ئاكام؛ كىچىك بولسىمۇ ھاياتنىڭ ئاچچىق-سوغۇقلىرىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرگەن سىڭلىم- ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدىكى نەزەرلىرىدە ماڭا بېقىپ، سېغىنىش ئىچىدە قالغان ھېسسىياتلىرىنى قەلبتىن قەلبكە تارقىغان، تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان قانداقتۇر ئىنسانىي سېزىملار ئىچىدە ئىپادىلەپ بېرىشتى. ئۆي بىلەن ئېتىز ئارىسىدىكى دەملەردە ئائىلىمىزنىڭ ئىللىق قوينىدا ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىق مۇھەببىتىدىن قانغۇچە لەززەت ئالدىم. بىراق، ئۇيغۇرغولنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتەك ئارزۇيۇم ھېچ خىيالىمدىن كەتمىدى.

تەلىيىمگە مەلۇم سەۋەبلەر باھانىسىدا دىيارىمىزنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان بۇ باغرى كەڭ يۇرتنىڭ جاي-جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش پۇرسىتى چىقىپ قالدى. قومۇلدا تۇغۇلۇپ، بۇ يۇرتتا ھاياتىمنىڭ 15 يىلىنى ئۆتكۈزگەن بولسامۇ، لېكىن قومۇلنىڭ مەركىزىي بولغان شەھەرئىچى يېزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىچىك يېزا-بازارلاردىن باشقا جايلارنى كۆرۈش، تەكشۈرۈش ھېچ نېسىپ بولمىغان ئىدى. يازلىق تەتىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرىدە تاساددىپىي ھالدا بۇ قىممەتلىك پۇرسەتكە مۇيەسسەر بولدۇم. يۇرتۇمدىكى ھەقىقىي گۈزەللىكلەر، ئايرىم ئەنئەنە-ئادەتلەر بۇ يېزا-قىشلاقلاردا بۈگۈنگىچە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. تۆمۈر خەلپە، خوجنىياز ھاجىلار ئۆز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئەلگە كەلگەن ياۋغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان تاغ-ئېدىرلار كۆز ئالدىمدىلا تۇرغىنىدا، چەكسىز ھاياجانغا چۆكتۈم. بۇ خاسىيەتلىك زېمىنغا ئۆز قەدىمىنى قويالىغىنىمدىن چەكسىز غۇرۇرلاندىم. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، قومۇلنىڭ بەش شار، ئون ئىككى تاغلىرىغا قىلىنغان بۇ قىسقىغىنە تەكشۈرۈش خاتىرىسىدىن سىزمۇ نەلەگىدۇر مۆكۈنۈۋالغان ئاللىقانداق ھېسلىرىڭىزنى تېپىپ ئالسىڭىز ئەجەپ ئەمەس.

## قارا دۆۋە، لاپچۇقتا بىر كۈن

قارا دۆۋە بىزگە ناھايىتى سېھىرلىك بىلىنىدىغان بىر يۇرت. قانداقتۇر ئىڭىغىرچاق (لىڭگىرچاق) ۋە بويۇنچاق سوقۇشتۇرۇشتەك جودا (جادۇگەرلىك) پائالىيەتلىرى ۋە سىرلىق ئەسكىشار خارابىلىرى بىلەن ئەل ئىچىدىكى تۈرلۈك قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنبە بولغان بۇ قەدىمىي دىيار ھەققىدە ئاجايىپ پاراڭلارنى ئاڭلايتتۇق. بۇ قېتىم ھەم بەكلا ئۇزۇن تۇرالمىدۇق، شۇنداقلا قارا دۆۋىنىڭ ئۆزىدە تۈزۈك-مۇزۇك زىيارەت ئۆيۈشتۇرالمىدۇق. بىراق، قەدىمىي پۇراقتىكى ئۆيلىرى، ئوچۇق ۋە مەردانە كىشىلىرى، ئېغىزدا قالغۇدەك ئۈزۈم ۋە چىلانلىرى، يېڭىدىن قايتا مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنىۋاتقان يېزا بازىرى قەلبىمىزدىكى سوئال بەلگىسىگە چالا-پۇچۇق بېرىلگەن جاۋابى تەرىقىسىدە بىزنىڭ بۇ قەدىمىي يۇرتقا بولغان قىزىقىشىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. قارا دۆۋىدىن چىققان نەچچە مىڭ يىللىق ئادەم-بىزنىڭ ئەجدادىمىز، ئەسكىشار خارابىسى شۇ كونى بىزنى كۈتۈۋالغان قۇم-بورانغا ئوخشاش تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئېشىپ قالغان، ئەنە شۇ ئەجدادىمىز ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ كىچىككىنە ئىزنالاردىن ئىبارەت. ئامال قانچە، بىزمۇ شۇ بوراننىڭ كاساپىتىدىن قارا دۆۋىنىڭ ۋىسالىغا تولۇق يېتەلمەي، ناجى شەھىرى-لاپچۇققا يۈرۈپ كەتتۇق. قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ تۆۋەنىگە (يۆنىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردە شەرقىي شىمال تەرەپنى كۆرسىتىدۇ) جايلاشقان بۇ كىچىككىنە كەنتنىڭ قەدىمدىن بېرى قارا دۆۋە بىلەن بولغان سىر ماجىرالىرى قومۇللۇقلارنىڭ ئاغزىدا بىر كەلگەن. ئەلۋەتتە، ئازادلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى بۇ ماجىرالارغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق لاپچۇقنىڭ قارا دۆۋىدىن خېلى ئوبدانلا پەرقلىنىدىغان تىل ۋە مەدەنىيەتلىرىنى بۈگۈنگىچە ئېلىپ كەلدى.

لاپچۇقتا «قېقىر باغچا مەسچىتى»نىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر ئۆيگە چۈشتۇق. قومۇلدا رەسىم (ئۆرپ-ئادەت) شۇنداق: كىشىلەر مەسچىت بىرلىكى ئاساسىدا مەھەللە جامائىتى بولۇپ ئۇيۇشىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا مەھەللە نامى مەسچىت نامى، مەسچىت نامى مەھەللە نامى بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە ھەم شۇنداق ئىكەن. «قېقىر» قومۇل شېۋىسىدە «توپا قايىنمايدىغان داق يەر»نىڭ سۈپەتلىنىشى، بۇ سۆزنىڭ يەنە «قېقىراڭ يەر»، «قېپقېقىر» دېگەندەك شەكىللىرى مەۋجۇت. «باغچا» ئەدەبىي تىلدا «باغ» دەپ ئىسىمال قىلىنىدۇ. قېقىر يەردە باغچىنىڭ

بولغىنى قىزىق. قارىغاندا بۇ جايدا شۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋال سادىر بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئۆيگە شۇ جايدىكىلەر تەرىپىدىن لاپچۇق ئەلنەغمىسىنىڭ ئۇستازلىرىدىن دەپ سانالغان يەتتە سەككىز مويسىپىت پەقەت بىزنى، بىزنىڭ قىلماقچى بولغان تەتقىقاتلىرىمىزنى دەپ قەدەم تەشرىپ قىلىشقان. بوۋىلىرىمىز ئۆز سازلىرىنى، مومىلىرىمىز رەڭدار گۈللەر چۈشۈرۈلگەن ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۆيگە جەم بولغىنىدا گويا لاپچۇق مەدەنىيەت خەزىنىسى كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىنى نامايەن قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇق. بوۋىلىرىمىزدىن لاپچۇق ئەلنەغمىسىنى ئورۇنلاپ بېرىشنى ئۆتۈنگىنىمىزدە، رامىزان ئېيى بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ئاۋۋال بىر چۈشۈرگىلىك «رامىزان»نى بىزگە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ بەردى. لاپچۇقتا «رامىزان»نىڭ تېكستى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

ئەۋەل باشلاپ خۇدانى يات ئەيلىدىم،
پەيغەمبەرلەر روھىنى شات ئەيلىدىم.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
پەيغەمبەر مىندى بوز ئاتنىڭ يالىغا،
قول سېلىپ كىردى كىچەنىڭ قوينىغا.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
پەيغەمبەر ئولى ھەسەن ياقۇۋئىكەن،
خۇدانى كالامىنى ئوقۇۋىكەن.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رەمىزان.
پەيغەمبەر ئوغلى ھەسەن ئالتى ياشار،
مەككىدىن مەدىنىگە سەككىز ياشار.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رەمىزان.
پەنجىرەڭدىن قارىسام ئاي كۆرىنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرىنەر.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
رەمىزان ئېيتقانىكەن ئىمەر-ئېلى،
ئۇلاردىن قالغانىكەن نۇسخالىرى.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
ۋاي ئىلان ئۆرۈلسىنا، چۆرۈلسىنا،
مۇسۇرمان بەندە بوساڭ تەۋرىنىسنا.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
بۇ روزا ئوتتۇز كۈن ھەي بارىدۇر،
روزىنى يىگە كىشى ھايۋانىدۇر.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
روزا تۇت ناماز ئۆتە جانىڭ ئۈچۈن،
پايدا قىلسا گۆكىرەپ ھالىڭ ئۈچۈن.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.
روزىنىڭ ئوممەش كۈنى قادىر كۈنى،
بۇلتۇرقى مۇسۇرماللار بۇ يۇل قېنى.
رەببىمئاللا، رەمىزان شۇ رەمىزان،
مۇھەممەت ئۇمبەت دىگەن شۇ رەمىزان.③

رامىزان-قومۇلدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، قومۇل ۋاڭلىرى زامانىسىدا قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەرلىك ساز ۋە خەلق ئىچىدە مەخسۇس توقۇلغان قوشاقلار بىلەن رامىزاننىڭ ئون بەشىدىن كېيىن زوھۇرلۇق ۋاقتىدا ئۆزىگە خاس ئاھاڭلاردا ئېيتىلىپ كەلگەن. قومۇل (شەھەر ئىچى رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ)لاردا بۇرۇن داپ، غىرجەك، ناغرا، سۇنايلار بىلەن ئەلنەغمىچىلەر مۇنتىزىم ھالدا رامىزان ئېيتىپ كېلىپتىكەن. ئەمما، يېقىنقى ئون نەچچە يىللار مابەينىدە قومۇللاردا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى داپ بىلەن رامىزان ئېيتىپ، بۇ ئەنئەنىنى ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى پائالىيەت شەكلىدە داۋام قىلىپ كەلدى. بىراق، لاپچۇقتىكى بۇ ئېيتقاق (ھاپىز، ناخشىچى) بوۋىمىز مەھەللىدىكى ئەلنەغمىچىلەر بىلەن بىرلىكتە لاپچۇقنىڭ باشقا جايلاردىن مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە رامىزان ئېيتىش ئادىتىنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەپتۇ. بۇ ھەممىمىزنى سۆيۈندۈردى.

ئارقىدىنلا لاپچۇق ئەلنەغمىسى ئورۇندالدى. مومىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قومۇلغا خاس بولغان كىيىملىرىنى كىيىشىپ، يېنىك قەدەملىرى بىلەن لاپچۇق سەنمى ئويناپ بۇ يۇرتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەتنىڭ بىر تىپىك بۆلىكىنى ھوزۇرىمىزغا سۇندى. داپ، غىرجەك، راۋاب قومۇل مۇقاملىرىدىكى ئاساسىي سازلار، «ئاز ئەمما، ساز» سۈپىتىگە ئىگە سازلار. قومۇل مۇقام مۇزىكىلىرى جەزبدارلىقى بىلەن، گاھى يۇرەكنى ئەزگۈچى مۇڭلىرىكىلىرى بىلەن، گاھى شوخ ۋە ئويناق ناخشىلىرى بىلەن دىللارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. قومۇل مۇقام تېكستلىرى كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىكىدەك كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ خەلق تىلىدىن ئۇزاقلاشقان كىتابىي تىلىدا پۈتۈلگەن شېئىر-غەزەللىرىدىن ئەمەس، خەلقنىڭ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان قوشاقلاردىن تەركىب تاپقان، بۇ خىل خاراكتېرى بىلەن ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى خەلق سەنئىتىدۇر. خەلق ئۆز ئىجادىيىتىدىكى قوشاقلىرىغا ئۆز يۈرىكىنىڭ قاتلىرىدىن چىققان قايغۇ ۋە ھەسرەت، خۇشاللىق ۋە ھاياجاننى سىڭدۈرگەن مۇزىكىلىرىنى تەڭكەش قىلىپ، ئىستىخىيلىك رەۋىشتە قومۇل مۇقام ناخشىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. «ئېيتقاق» بوۋىمىز ئەجدادلىرىمىزدىن ئۆلىنىپ كەلگەن شۇ ھېسسىياتى بىلەن داپنى تومۇرلىرىدىن تارقاۋاتقان سەزگۈلىرى ئارقىلىق ئۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئورناپ كەتكەن مۇقام تېكستلىرى بىلەن بىزگە ئورۇنلاپ بېرىۋاتقىنىدا، چېكىسىدىن تەر تامچىلىرى تامچىلاشقا، مۇقامنىڭ سېخمىسى بولۇپ ئۇنىڭ يۈزىدە ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا بۇنداق ئىشلار كىرىپ چىقىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ بەلكى بىر مەدەنىيەتنى بۈگۈنگە ئۇلىغۇچى، بۈگۈن ھەم ئۇنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولغىنىدىن پەخىرلەنسە كېرەك، بەلكى ئۆز قەلبىدىكى ھېس-ھاياجانلىرىنى بوۋىلاردىن قالغان بۇ قىممەتلىك مىراس ئارقىلىق ئىپادىيەلىگىنىدىن خۇش بولسا كېرەك. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇقامغا بېرىلگەن. شۇ پەيتتە ئۇ مۇقامنىڭ بىر گەۋدىسىگە، مۇقام ئۇنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەندەكلا. لاپچۇق ئەلنەغمىسى ئالاھەزەل بىر سائەت داۋام

قىلدى. مۇقام ئاياغلاشتى، سورۇن تۈگىدى. رەھمەت-ھەشقاللىلار بىلەن بۇ ئۆزىمۇ، مېھرىمۇ ئاتەش يۇرت ئارقىمىزدا قالدى.

# قومۇل تاغلىرىدا

قالغايتىلىققا تەقدىم

ئۈستى قىش، قالغايتىنىڭ ئاستى باھار،
قويىندا گۈلباغى ئەدناندىن گۈزەل.
نەكى ئەدنان، ئەسلى بىر ئەپسانە ئۇ،
جانغا راھەتبەخش جاڭنەندىن گۈزەل.
سۈلىرى كەۋسەر ئۇنىڭ دىلغا شىپا،
ھەم ئېپار ھاۋاسى رەيھاندىن گۈزەل.

يىگىتنىڭ قەلبى ئاسماندەك سۈزۈك،
قىزى ئاسمان كۆركى چولپاندىن گۈزەل.
قىزى جانان دېسە يىگىت، دەيدۇ قىز:
ئەمما جانانغا ۋەتەن جاندىن گۈزەل.
شۇڭا دەيمەن بۇ گۈزەل يۇرت ئەھلىنىڭ،
كۆڭلى دەريا، نىيىتى ئاندىن گۈزەل.
— ئا.خوجا
1982-يىل ئاۋغۇست قومۇل قالغايتى
(بۇ شېئىر قالغايتى تاغلىرىدىكى بىر چوڭ قىزىل تاشقا ئويۇلغانىكەن)

«-لىق، -لىك» مەنىسىدە كېلىدىغان «-تى» قوشۇمچىسىدىن تۈزۈلگەن «تاراتى»، «قالغايتى»، «تۆمۈرتى»، «پۆتۈتى»، «ئىرغايتى» دېگەن يەر نامىلىرى بىزگە قەدىمىي بىر تارىخنى سۆزلەۋاتقاندەك تۇرىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇ نامىلارنىڭ ھەممىسىنى قالماقلارغا ئىتتىرىپ قويۇشى (ئۇيغۇرچىلىقى ئېنىق بولسىمۇ)، قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز يۇرت نامىلىرى ۋە ئەجدادلىرىنى قالماقلار بىلەن باغلىۋېلىشى — بۇ قەدىمىي دىياردىكى يەرلىك خەلق-ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنى بىزگە ئاڭلىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

تاراتى تاغلىرىدىكى كۇپپارلار بىلەن جەڭ قىلىپ قېچىپ كەتكەن ئۇلۇغلار دۇئالىرىنىڭ تەسىرىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن سۇپرا، ئىگەر، ئوقيالار بۇ يۇرتلارنىڭ سېھرىنى نامايەن قىلىپ، بىزنى بۇ تۇپراقلاردا يېڭىدىن ئىسلام ئېچىلغان XVI ئەسىر مۇھىتىغا سۆرەپ كىردى. چىڭگىز ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر دىيارى قومۇل بۇددىزم، ئىسلامىزم ۋە شامان دىنلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر ھالدا ئىدى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۈگۈن بۇ يۇرت خەلقى تەرىپىدىن قالماقلار، كۇپارلار دېيىلىۋاتقان بۇددىست ۋە شامان دىنى مۇرتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر ئىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردىن ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتىدە بۇ يۇرتلارغا ئۆتكەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپچىلىكى سوپىلار ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىدىكى شامان دىنى قالدۇقلىرى يۇغۇرۇپ ئىسلامنى سوپىستىك شەكىلدە تارقاتقان بولسىمۇ، بىراق جاھىل قومۇللۇقلار ئۆز ئېتىقادىدىن ئاسان ۋاز كەچمىگەن، يېرىمى مۇسۇلمان بولغان بىلەن، قالغان يېرىمى ئۆز دىنلىرىنى ساقلاۋەرگەندى. مۇسۇلمان بولغان موڭغۇل خانلىرىنىڭ تەسەررۇپىدا تۇرغان بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقادقا چەكلىمە قويۇلمىغان. مەسچىت ۋە بۇتخانىلار ئورتاق مەۋجۇت بولۇۋەرگەن. بارا-بارا ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ دىنسىزلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان «غازات»لىرى نەتىجىسىدە بۇددا ۋە شامان دىنلىرى بۇ يۇرتتىن تولۇق سىقىپ چىقىرىلىپ، سوپى-ئىشانلارنىڭ تەرغىباتى بىلەن ئومۇملاشقان ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە ھاكىم بولغان. ۋاڭلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي رەۋىشتە بۇتخانىلار چېقىلىپ، مىڭئۆيلەر بۇزۇلغان. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ھەرىكەتلەر تاكى XX ئەسىرگە كەلگەندە ھەم يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. جاھىل بۇددىستلار مەجبۇرىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئەلەمەلىلىرىنى تاشلاپ، بۇ باغرى كەڭ تاغلار ئارىسىدا، ئاخىرى بېرىپ كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ)دىكى قېرىنداشلىرى قېشىدا ماكان تاپقان. مۇسۇلمان بولغان يەرلىك خەلق بىرەر ئەۋلاد ئاتىلىغاندىن كېيىنلا، ئۆز ئەجدادلىرى بولغان كاپىرلارنىڭ «شەرەپسىز» كەچمىشلىرىنى ئۇنتۇغان. كېيىنچە بۇ ئىسلام يۇرتىغا تالان-تاراج يۈرگۈزگەن قالماقلارنىڭ رەسمى-يوسۇنلىرى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭكىگە ئوخشىغاچقا، ئۆز ئەجدادلىرىنىمۇ شۇلار بىلەن بىر تائىپىدە ساناپ، ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنى كۇپارلار، قالماقلار دېگەنناملار بىلەنلا تەسۋىرلەپ بېرىشكەن، ئۇلار زامانىسىدىن قالغان يەر-جاي نامىلىرى ۋە سۆز-شېۋىلەر تەبئىيلا «قالماقچە گەپ» بولۇپ قالغان. تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىدا ھېچ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. بۈگۈنكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا ياشىغان ھونلار بىزلەرگە ئورتاق ئەجداد سۈپىتىدە ئېتىلماقتا. كېيىنكى دەۋرلەردە باش كۆتۈرۈشكەن تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ھېچ قاچان موڭغۇللارنى يات تائىپە قاتارىدا كۆرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل قويۇق مۇناسىۋەت چىڭگىزخان دەۋرىدە باش كۆتۈرگەن موڭغۇللار دەۋرىدە ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم سالغان، ئۇلار بىلەن تەڭ يۇرت سوراشقان ئۇيغۇرلاردا تېپىك ھالدا ئەكس ئەتكەن. موڭغۇل ئەۋلادلىرى بۇ دىياردا ئاتىدىن ئەۋلادقا خان بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيلەشكەن ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام ئېيتىشى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئىسلامغا كىرمەستە ئۇلار ئارىسىدا تويلىشىشلار ھەم نورمال ھالدا بولۇنغان. چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنىڭ تۈركلەردىن بولۇشى سۆزىمىزگە دەلىل. مەيلى ئىرقىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار قېرىنداش مىللەتلەردىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدىكى بەزى ئورتاقلىقلارغا ھەيران قېلىشنىڭ ئورنى يوق. بىراق بۈگۈنكى قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى قالماقلاردىن سانىشى، ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان مەدەنىيەتلەرنى، شەھەرلەرنى قالماقلارنىڭ دېيىشى مۇسۇلمان بولغان تۈركلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ پەقەتلا بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىشى بىلەن، بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە رەسىم-يوسۇنلىرىنى ئۆز دىنىدا قېلىپ قالغان «قالماقلار» جۈملىسىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ۋە بەلكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغاچقا، ئۇلارمۇ دىنىدا قېلىپ قالغان «قالماقلار» دەپ ئاتالغاندۇر. ئەي تاغلار، باتۇرلار ماكانى، باتۇرلار پاناھى بولغان تاغلار، ئۆز ئېتىقادى، ئۆز ئادەتلىرى ئۈچۈن نەچچە ئەسىرلەپ كۈرەش قىلغان جاھىل ئەجدادىنىڭ روھىنى بۈگۈنلۈكتە بىزگە ھەم يەتكۈزسەڭچۇ؟ !

※ ※ ※ ※ ※ ※

تۆمۈرتى تاغلىرىغا تۆمۈر پوقى كەڭ تارالغان، بۇ بەلكى تۈركلەر تۆمۈر تاۋلاپ يول ئېچىپ ئۆزلىرىگە كەڭرى جاھاننىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان ئەرگەنە قۇندىن چىققان زامانلاردىكى تۆمۈرنىڭ يۇقۇندىلىرىدۇر ۋە بەلكى بۈگۈنكى تۈركلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. تولىمۇ گۈزەل بۇ تاغ بىزنى ئۆزىنىڭ سىم-سىم يامغۇرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتلارنىڭ سايىسى بۇ زېمىننىڭ ئۈستىگە ھەم چۈشكىنىدە تەبىئەتنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىن بىرى بولغان يامغۇر تامچىلىرى-كۆكنىڭ قانلىق ياشلىرى ئۆز مەشۇقى زېمىننىڭ باغرىغا تامچىلاشقا باشلىدى. ياغاچ ئۆيدە ئولتۇرغان ئابلىز بوۋىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بۇ يۇرتنىڭ كەچمىش-ئۆتمۈشلىرىدىن، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە بوۋىمىزدىن بىلىم ئالدۇق. بوۋىمىز بىزگە تاكى يېقىنقى يىللارغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن كۆك مەشرىپىدە ئوقۇلىدىغان بېيىتلاردىن ئېيتىپ بەردى:

ھەۋۋەلى پىراق ۋە ھازەل ئىشتىياق،
مۇبارەك جامالىرىغا كۆڭلىمىز يېقىن ئارىمىز يىراق.
قىش كۈندە ئۈندۈرەدۇ دانە ۋۇغداينى،
سۇغارغىلى ئەر بارمىكى شۇ بۇغداينى .
سۇغارغىلى ئەر بوسىكى شۇ بۇغداينى،
كىچە كۈندۈز ياد قىلۇرمىز ئۇستۇن خۇدانى.
تام تامدىن چىچەك، تامدىن ئىگىز بامۇ چىچەك،
كۆگىلى كۆكلۈك چىچەك، كۆتەرگىلى ئېغىر چىچەك،
بۇغدىي ئۆڭلۈك، غۇنچى رەڭلىك، بويلىرى ئالتۇن چىچەك.
بويلىرى ئالتۇن چىچەكنىڭ سۆلتى سۇلتانچە بار،
ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ گۈلنى ئۈزگەن گۈلچە بار.
گۈلنى ئالدىم، كۈپكە سالدىم،
ئوڭ قولۇمغا ھاراغ ئالدىم سول قولۇمغا شام چىراق.
شام چىراخنى تارتا-تارتا يېشمىگەنلار قالمىدى،
بوينى بىر چۆرگۈلۈپ، ئۇچقۇنچە ھاللار قالمىدى.
تاغدا بۇغداي مايسا ۋولدى، شاققا قويدى ھەر تەرەپ،
شۇ كۆڭۈللەر خاتىرىدىن يارى تۇتتۇق ۋاي تەرەپ.
تاغدا بۇغداي مايسا ۋولدى، ئورغىلى كەلسەڭچى يار،
جان چىقىپ ھەللەتكە يەتتى، ھال سوراپ كەلسەڭچى يار.
شەنبىدە جابدۇغ ئېتىپ، دۈشەنبىدە كەلسەڭچى يار،
ھەپتىگە ئۆلگەرمىسەڭ، بىر ئايدا بىر كەلسەڭچى يار.
پاختىگىم ھەي پاختىگىم، يامانلىماڭ ھەي پاختىگىم،
پاختەك جۈپتىن بولۇر، جۈپتىن بولۇر.
شاختىن شاخقا قونۇر، ئاغزىغا قۇرۇت سالۇر،
بۇ كۆڭۈللەر خۇش ۋوغاي دەپ بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دىسە بىر جۈپ جۆگاننى راسلىدۇق،
سازەندە لازىم دىسە موسا قارىنى راسلىدۇق.
ئەتتىگەندە چىللىغىلى چار خورازنى راسلىدۇق،
قوينى ئوتتۇز، غازنى توققۇز ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق.
بۇ كۆڭۈللەر خۇش ۋوغاي دەپ بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.④

بۇ كۆك بېيىتلىرى تىپىك ھالدا قومۇل تاغلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگىنى بىلەنلا ئەمەس، پايدىلىنىلغان تۇرلۇك ئىپادىلەش ۋە ئىستىلىستىكلىق ۋاستىلىرىنىڭ موللۇقى كۆپ ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىك.

ئابلىز بوۋىمىز ئۆزى پالتا بىلەن قارىغايلارنى يېرىپ ياساپ چىققان يىگىرمە يىللىق ئۆمۈرگە ئىگە ياغاچ ئۆي يەنىلا سىننى بۇزماي ناھايىتى مەزمۇت تۇرۇپتۇ. ئۆي ئىچىدىكى ئويۇقلار ئىچىگە ئېلىنغان يوتقان-كۆرپىلەر ئىچى كېسەك، لاي بىلەن ياسالغان بۇ يىغىشلىق ئۆيگە زىننەت قوشۇپ تۇراتتى. بوۋىمىزنىڭ ئۆيىدىن «رەھمەت-ھەشقاللا» بىلەن چىققىنىمىزدا قەدىمكى دەۋرلەردىكى پادىشاھلارنىڭ چىرايىغا ئوخشايدىغان بۇ تاغ ھاۋاسى يەنە ئۆزگىرىش ياساپ، ئابايىقى كۆكتىن تامغان يامغۇر تامچىلىرىغا خاتىمە بەرگەندى. ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان كۆك بىلەن تومۇرداش كۆپكۆك غول سۈيىگە ھەۋەس بىلەن باقتىم. شەھەرئىچى (قومۇلنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ)لەردە بىر زامانلاردا بىز باللار سامان يۈيدىغان، چوڭلار قانداقتۇ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىدىغان، بۈگۈنكى باللارغا ئويناش نېسىپ بولمىغان قۇمچاقلار، سوير (بىر خىل بېلىق)غا ئوخشاش ئۇششاق بېلىقلارغا ماكان بولغان، كېيىن بارغانسېرى مەينەتلىشىپ، قارىغىلىمۇ بولمايدىغان ھالغا يەتكەن، بۈگۈنلۈكتە بولسا ئۆز سۈيىدىن ئايرىلىپ نامى بار، ئۆزى يوق خابا (ئۆستەڭ)لاردىن بولۇپ قالغان شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەر يادىمغا يەتتى. نە ئامال، نە چارە؟ قومۇل شەھىرىنىڭ نېسىۋىسى شۇنچىلىك بولسا...

※ ※ ※ ※ ※ ※

تۆمۈر خەلپە ۋە خوجنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابلارنىڭ بۇ يۇرتلاردىكى گۇۋاھچىسى بولغان بوۋا-مومىلىرىمىزدىن يېتەرلىك ھالدا مەلۇماتلار ئالالمىغىنىمىزدا، تارىختىن بۇيان بۇ ماكاننىڭ يىغىسى ۋە كۈلكىسىگە ئورتاق بولۇپ كەلگەن تاغلارغا، تاغچىلارغا ئوخشاشلا بىر خىل يوسۇندا ئېقىپ كەلگەن ئەركەك سۇ - غول سۈيىگە، بىر ئەسىر ئىلگىرى تىكلىگەن تالاي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان ئۆرۈكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق. تاغلاردىن پۈگەن تېپىپ شۇ زاماندىكى ئۇرۇشلارنىڭ يالدامىلىرىنى كۆرەيلى دەپ، «جەڭلەر بولۇپتىكەن» دېيىلگەن تاغلارغا چىققىنىمىزدا، خوجنىياز ھاجىنىڭ نامىغا سېلىنغان باغچە ۋە راۋاقلاردا قەھرىمان پالگانلىرىمىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ئۇلار بىلەن خىيالەن سىردىشايلى دەپ كىرگىنىمىزدە، تولىمۇ ئەپسۇسكى بىزگە ئەڭ كۆپ چېلىققىنى پىۋا ۋە ھاراق بوتۇلكىلىرى بولدى. ئامال قانچە، ئۈمىدسىزلىك ھېسلىرىنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. تۇرۇپ ئويلىدىم، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەسىرى ئۇ دەرىجىدە كۈچلۈك بولمىغان، بىراق ئەلمساقتىن ئەركىكە تەلپۈنگەن بۇ تاغلاردا ياشاپ كەلگەن خەلقتە بۈگۈندە ھاراق ئىستېمالىنىڭ كۆپلۈكىنى يەنە قايسى باھانىلار بىلەن ئىزاھلىساق بولۇركىن؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئەۋلاد بىلەن يەنە بىر ئەۋلاد ئارىسىدا ھەم تارىخي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا خېلى چوڭ پەرقلەر كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ. بۇ بىر ئەسىرلىك تارىخي دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بوۋىمىز بىلەن قىرىق يىللىق خىزمەت ستاژىغا ئىگە، تاراتى (خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى)نىڭ پېشقەدەم كەنت باشلىقىنىڭ قومۇل تاغلىرىدىن يالقۇنجىغان ئىنقىلابلارنى بايان قىلغىنىدىكى پەرقلەردە ئەكس ئەتتى. 100 ياشلىق بوۋىمىز، ئۆزىنىڭ گاڭلار (قومۇل ۋاڭلىرى) زامانىسىدا مال-چارۋا بېقىپ، كېيىن لاپچۇقلاردا دىنىي تەربىيە ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى، شۇ جەريانلاردا بولۇنغان تۆمۈر خەلپە ۋە كېيىنرەك پارتلىغان سالى دورغا باشچىلىقىدىكى شوپۇل قوزغىلىڭى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى «ئاچچىقى يامان» (شۇ بوۋىمىزنىڭ ھاجىمنى سۈپەتلىشى) خوجىنىياز ھاجىمنىڭ رەھبەرلىكىدىكى چوڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب، شۇ جەرياندا قومۇللاردىكى سورۇقچىلىقلار، قاچ-قاچتا موڭغۇلىيەگە چىققانلىقى ۋە شۇ يەردىكى مۇساپىرەتچىلىكلىرىنى بىزگە ئەينەن تارىخي دەۋرلەر ۋە شەخسلەر بويىچە توغرا سۈرەتلەپ بەردى. ئاتمىشلاردىن ھالقىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان كەنت باشلىقى ئاۋال سالى دورغا ئاندىن تۆمۈر خەلپە ۋە يەنە خوجىنىياز ھاجى يېغىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىكەن بىر ھالدا بىزگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بالىلىرى دېمەتلىك كىشىلەر بولسا كىتابلاردىن ئاندا-مۇندا ئوقۇۋالغان بەزى بايانلارنى چالا-پۇلا ئاڭلىۋالغان چوڭلارنىڭ سۆزلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەر-جايلار ھەققىدە بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ تاغلىق يېزىدىكى بىر ئەۋلاد بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئارىسىدا كۆرۈلگەن تارىخي ۋەقەلەر ھەققىدىكى بۇ خىل ئۆزۈكچىلىك بىزنى قاتتىق ئېچىندۇردى. مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆز قەلىمىدە XX ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى زور نوپۇز ئىگىسى بولغان خوجىنىياز ھاجىمنىڭ نامىغا ئاتالغان مەڭگۈ بۇزۇلماس تەۋەررۇك كاتتا ئابىدىنى تىكلەپ بېرىشى بىلەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ زاتقا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئەسلەش قايتا كۆتۈرۈلگەنىدى. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ 30-يىللاردىكى شىنجاڭ تارىخىنى ياراتقۇچىلارنىڭ بىرى بولغان بۇ زاتقا بولغان ئېھتىرامىمىزنى، شۇ دەۋردىكى خوجىنىياز ھاجى ۋە سەپداشلىرى روھىغا يەتكۈزمەكنى نىيەت قىلىپ، دەۋرداشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بىلگەچ، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مۇقەددەس تاغۇ-تاشلىرىنى تاۋاپ قىلدۇق. جىرجىس ھاجىغا ئوخشاش كاتتا دىنىي ئۆلىمايىمىزمۇ خوجىنىياز ھاجىم بوۋىمىزنىڭ ئۆزەڭگىسىنى كۆزىگە سۈرۈپ، تاۋاپ قىلماقنى ئۈچىنچى قېتىم ھەجگە بارغانىنىڭ قاتارىدا سانايدۇ. شۇ دەۋرنىڭ كاتتا قەھرىمانلىرىدىن بولغان، تېخىمۇ مۇھىمى XX ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي روھى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەدىمى يەتكەن بۇ مۇقەددەس يەر-سۇلار، تاغلار بۇگۈنلۈكتە بىزگە ھەم سەجدىگاھ ئەمەسمۇ؟!

※ ※ ※ ※ ※ ※

نېمىشقىكىن كىچىكىمدىن ئاسماننى، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە ناھايىتى ئامراق ئىدىم. ئېتىز قىرلىرىدا ئارام ئالغانلىرىمدا، دوستلىرىم بىلەن بىللە كەڭ دالىلاردا قوي بېقىپ يۈرگەن شۇ غەمسىز باللىقلىرىمدا يېتىپ تۇرۇپ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇيان-بۇيان ھەرىكەت قىلىدىغان بۇلۇتلانى تاماشا قىلاتتىم. تاغدا ھاۋامۇ، ئاسمانمۇ، بۇلۇتلارمۇ باشقىچە بولىدىكەن. كۆپكۆك ئاسماندىكى چەكسىزلىك بۇ يەردە ئۆزىنى تېخىمۇ بەك نامايەن قىلىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەركىن ئويناپ يۈرىدىغان بۇلۇتلار تولىمۇ گۈزەل بىر رەۋىشتە كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك سەبىي قىلىقلارنى چىقىرىپ ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشكىنىدە، كىشىگە زېمىننىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان قانداقتۇ بىر تارىخنى ئاڭلىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. تۆمۈرتىدە، ئاقتاشتا يامغۇرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەنزىرىلەرگە شاھىت بولدۇق. ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىلا يازسا نەچچە توم رومان چىقارمىكىن دەيمەن. قايەرگە قارىماڭ بۇلۇت شۇ يەردە بار، بولغاندىمۇ ئوخشاشمىغان بىر مەنزىرە بىلەن سىزگە ھەر بىرى باشقا-باشقا دۇنيانى ئاڭلىتىدۇ. تاغلار بىر قارىسىڭىز ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. قارا بۇلۇتلار خۇددى ئاسماننى پارچە-پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈۋالغاندەك. سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىلا، كۆكتە ئاجايىپ جەڭ-جېدەللەر يۈز بېرىپ گاھى ئۇ تەرەپ، گاھى بۇ تەرەپ غەلىبە قىلىۋاتقاندەك. بۇ يەردە نەچچە يىللار مۇقەددەم يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بۈگۈن ھەم سىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بوشلۇقتا قايتا سادىر بولۇۋاتقاندەك. ئاقتاشقا كەلگىنىمىزدە ئاسمان قارا بۇلۇتلار ۋە ئۇنىڭغا مايىل بۇلۇتلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا ئۆتكەنىكەن، بۇ چاغدا ئىككى داۋاننىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە كۆپكۆك بىر بوشلۇق خۇددى ئاسماننىڭ زېمىنغا ئېچىلغان دەرىزىسىدەك پەيدا بولدى. قارا بۇلۇتلارنىڭ ئاستى، داۋانلارنىڭ ئۈستىدىكى پەقەت شۇ بىر دەرىزىدىنلا ئاسماننى، ئۇنىڭ كۆكلۈكىنى بىلىش مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭ چەكسىزلىكى قارا بۇلۇتلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ئەمدى قارىسىڭىز ئاق بۇلۇتلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكەن. ئۇلار ئىككىسى ھايات-ماماتلىق جەڭگە چۈشۈپ كەتكەندەك قىلامدۇ-نېمە؟ جەڭنىڭ داۋامى قانداق بولدى؟ بۇنى بىز تاغنىڭ ئەركە ھاۋاسىغا ھاۋالە قىلدۇق. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈشتىمۇ بۇلۇتلارنىڭ رايىغا قاراشقا مەجبۇر بولغان قۇياش نېمىدىندۇر يامانلاپ قالغاندەك، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك سەپىرىنى شەپەق بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان چېغى! ئاسماندا قىزىق ئۆرۈشىۋاتقان بۇلۇتلار ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ھەسرەت ئېچىدىكى ۋىدالىشىش پەيتلىرىنى كۆرۈشكىمۇ ئىمكان بەرمىگەن. قاراڭغۇلۇق تاغ ئاسمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇلۇتلارنىڭ جامالىنى، ئۇلارنىڭ ئۆرۈشلىرىنى كۆرەلمىدۇق. ماشىنىمىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەگرى-بۈگرى تاغ يولىدىكى يېگانە يورۇقلۇق مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئاسماندا ئاجايىپ قىزىق ۋەقەلەر بولىدىغان، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك ئاسمان، يايلاق، قۇملۇق، تاغ، كۆل ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ رېئاللىقتىكى جەننەتتىن بىزنى شەھەرگە، تەبىئىلىكتىن يىراقلاشقان تەبىئەت قوينىغا ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى. بۇلۇتلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن بۇ ئويۇنلىرى ئەقلىمىزگە يوغان سوئال بەلگىسىدىن بىرنى قويۇپ قويدى.

※ ※ ※ ※ ※ ※

تاغلارنى، تاغچىلارنى دەسلىپىدە چوڭلارنىڭ پاراڭلىرىدىن ئاز-تولا ئاڭلايتتۇق. كېيىن كىتاب كۆرۈپ قومۇل تاغلىرىدىكى

باھادىرلارنىڭ جەڭگىۋار شەجەرىلىرىنى شۆرلەپ (ۋاراقلىماق) چىقتۇق. مەكتەپتە تاغچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇش جەريانىدا ئۇلاردىكى تالماس، جاپادىن قاچماس، ئىجادقا باي، شۇنداقلا خۇددى تاغ ھاۋاسىدەك ساپ ۋە پاك بىر قەلبنى كۆرگەندۇق. بەلكى بۇ تاغنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي ئېكولوگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ قارىغاندۇق. تاغقا چىقتۇق، تەڭرىنىڭ ئانا تۇپراقتا ياراتقان بۇ گۈزەل ئەسىرىدىن قانغۇچە ھوزۇر ئالدۇق. شۇ خىل كاتتا نېمەتتىن بەھرىلىنىپ ياشىغۇچىلاردا نېمە غەم بولسۇن دېگەن يەرگىمۇ كەلدۇق. تاغچىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش دەملىرىدە ئۇلاردىكى قورقماس تەبىئەتنىڭ، تاغ سۈيىدەك سۈزۈك قەلبنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇ جاينىڭ تەبىئىي مۇھىتىدىن ئەنداز ئېلىنغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلاردىكى تويۇنغان مەنىۋىي ئېكولوگىيەگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مېھماننى چوڭ بىلىدىغان ئادەتنىڭ بۇ يۇرتلاردا ناھايىتى گەۋدىلىك ساقلىنىپ قېلىشى، كۆك مەشرىپى ۋە باشقا مەشرەپ يوسۇنلىرىنىڭ تاكى يېقىنقى يىللارغىچە داۋام قىلىشى، بۇ جاي كىشىلىرىنىڭ كىتابقا ئالاھىدە ھېرىسمەن بولۇشى ۋە تەبىئەتتىكىلا ئەمەس، ئىنسانىيلىقتىكى ساپلىق.... ئىشقىلىپ بۇ جايدا بىز شەھەردە يوقىتىپ قويدۇق دەپ ئەپسۇسلىنىۋاتقان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن. يېقىنقى ئون يىللار مابەينىدە قومۇل تاغلىرىنىڭ، تاغلاردىكى يايلاقلارنىڭ، ئورمانلارنىڭ تەبىئىيلىكىنى قوغداش مەقسىتىدىمۇ ياكى بۇ رايونلاردا ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدىمۇ ۋە ياكى چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرمۇشنى ياخشىلاش مەقسىتىدىمۇ، ئەيتاۋۇر شۇنداق بىر تالاي سەۋەبلەر بىلەن تاغچىلار قومۇلنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان ئاقار، ياربۇلۇڭ ۋە باشقا ئېچىش رايونلىرىغا كۆچۈرۈلدى. ئەسلى چارۋىچىلىق قىلىپ كۆنگەن تاغچىلارنىڭ بۇ يېڭى تېرىم مۇھىتىغا كۆنۈشى ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، يېرىمدىن كۆپى ئەنە شۇ «كەيپاچۇ» (ئېچىش رايون) لەردە ياشاۋاتىدۇ. تاغلاردا ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان بۇ تەۋەررۈك تاغۇ-تاشلاردىن، ياپيېشىل يايلو (يايلاق) لاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قېلىپ قالدى. ئۇلار بۇ تاغلاردا، بۇ زېمىندا قېلىپ قالدى، بوۋىلىرىنىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇپ بۇ جەننەت تىمسال ماكاندا ياشاپ قالدى. بىراق ئۇلارنىڭ، ئازغىنە كىشىلەرنىڭ بۇ جاينىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسىنى داۋاملىق قوغداپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. قومۇل تاغچىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەتىدىكى يارقىن، ئۆزگىچە قەدىمىي بىر مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى. بۇ مەدەنىيەت تاغچىلار تىلىدىكى ئۆزگىچە لېكسىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق پەرقلەر، تاغچىلار ياراتقان قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئۆزگىچە يۇرۇشلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىكى چارۋىچىلىق ۋە تاغ ھاياتىغا ئالاقىدار ئاخىرقى تۇرمۇش بىلىملىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. قومۇلدىكى ئىسلام دىنى ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇملاشقان بۇ يۇرتلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەتىنىڭ ئامىللىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، تاغچىلار بۈگۈنمۇ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تامغىلىرى⑤ بۇ سۆزىمىزنىڭ تىپىك دەلىلى. «قومۇل مۇقاملىرى» ب د ت پەن ــ مائارىپ ــ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۈچىنچى

تۈركۈمدە ئېلان قىلغان ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالدى. 2008-يىلى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى»دا «(1) ئاغزاكى ئەنئەنە، جۈملىدىن، مەدەنىيەت ۋاستىسى بولغان تىل؛ (2) ئەنئەنىۋى ئورۇنداش سەنئىتى ۋە ئەلئارا گۈزەل-سەنئەت؛ (3) ئەنئەنىۋى مۇراسىم ، ھېيت- بايرام ، تەبرىكلەش مۇراسىمى، شۇنداقلا ماھارەت، ئويۇن قاتارلىق مىللىي ئۆرپ- ئادەت پائالىيىتى؛ (4) ئەنئەنىۋى قول-ھۈنەرۋەنلىك ماھارىتى؛ (5) تەنتەربىيە دۇنياسىغا ۋە ئالەمگە ئالاقىدار ئەلئارا ئەنئەنىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىيەت؛ (6) ئالدىنقى 5 تۈرگە ئالاقىدار ماتېرىيال، نەرسە ۋە سورۇن؛ (7) قوغدىلىدىغان باشقا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارلىقلار قوغدىلىدۇ»⑥ دەپ بەلگىلىگەنگەن. ھالبۇكى، قومۇل تاغلىرىدا يۇقىرىقى يەتتە تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەۋجۇت. قومۇل تاغلىرىدا قوغدىلىدىغان قاچورا (قارىغاي) ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش تەبىئەت ئېكولوگىيەسىلا بولۇپ قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇيغۇر ئۈچۈن، جۇڭگو ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن لازىم بولغان بىر مەدەنىيەت، ئىنسانىيەت ئېكولوگىيەسى قوغدىلىشقا مۇھتاج. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ ساقلىنىۋاتقان، روشەن ئالاھىدىلىكى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسى بولغان مۇئەييەن رايونلاردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئېكولوگىيە مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك قوغداش كېرەك»⑦ دېيىلگەن بۇ ماددىغا تامامەن ئۇيغۇن ھالدىكى مەدەنىيەت ئېكولوگىيە مۇھىتىغا ئىگە. شۇڭا، ئون ئىككى تاغنى يۇرت قىلغان قومۇل تاغچىلىرىنى ئۆزلىرى چوڭلاپ، ئۆسكەن يۇرتلىرىدا ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەسلى ياشاش بوشلۇقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

## ئاراتۈرۈكتە

سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نوپۇسى ئەڭ ئاز ناھىيە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئۆتتى. ئەسلى ناھىيە بازىرىغا چۈشمەكچى بولغان بولساقمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۆز زامانىسىدا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىدىغان، ئۆز ئىسسىقى بىلەن جاننى قىينايدىغان «سىبىرىيە»سى، بۈگۈنكى ئاراتۈرۈكنىڭ موڭغۇلىيە چېگراسىغا جايلاشقان نوم بازىرىغا باردۇق. چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن نومنىڭ يۇرت بولۇشى توغرۇلۇق شۇنداق رىۋايەتنى ئاڭلىدۇق:«چوڭ ئادەملەرنىڭ دېيىشىچە، نوم بانا بولۇپ ئادەم ئولتۇراقلىق بولغىلى سۈرۈشتە قىلسا تۆت يۈز يىلدىن ئاشقان دەپ ئېيتىدىكەن. بۇرۇندا ئاشۇ پالۋانلار كىيىك ئوۋلاپ كېلىدىغان يەركەندۇق بۇ يەرگە. كىيىك، ياۋا تۆگە، قۇلان، جەرەندەك مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. بۇرۇن باركۆلدىن خەنزۇلار كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدىكەن، بۇ يەرنى بىر يۇرت قىلساق بولغۇدەك دەپ بىر نەچچە جىڭ سوقما سوقۇپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ كېتىپتۇ دەيدۇ چوڭ ئادەملەرنىڭ دېيىشىچە.

سوقما سوقۇپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كېيىن مەن دېگەندەك، پالۋانلار كېلىپ كۆرۈپ، ھەي، ئىگىلەيدىغان يەركەندۇق دەپ، بىر ئۆي سېلىپ، ئۆينىڭ ئۈستۈننى يېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ئىچىنى ئۆرتەپ ئىسلاپ قويۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىن ئاندىن كېيىن بۇ تالاشتا بولۇپ قاپتۇ. بىز بۇرۇن كەلگەن دېسە، بىز بۇرۇن كەلگەن دەپ. ئاندىن كېيىن ئاشۇ خاندىن ئادەملەر تەكشۈرۈپ چىقىپ كۆرگەنمۇ، مۇشۇ ئۆينىڭ تارىخى ئۇزۇنكەن. بۇ مۇشۇنداق ئىسلىنىپ كونىراپ كېتىپتۇ. سوقما كېيىن سوقۇلغان نېمىكەن دەپ، ئاندىن كېيىن مۇنى ئۇيغۇرلارغا بەرگەنىكەن دەپ مۇنداق پاراڭ سالىدىغان. شۇندىن كېيىن ئادەم ئولتۇرۇپ، قومۇل مۇشۇ يەرلەردىن كۆچمە ئېلىپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن يۇرت قىلغانىكەن»

نوم-قومۇلنىڭ شەرقىي شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، قومۇلدىن بۈگۈنلۈكتە زامانىۋى قاتناش بىلەن ئۈچ-تۆت سائەتتە، ئۆز زامانىسىدا بولسا ئۈچ-تۆت كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان چەت بىر يۇرت. ئاپتوبۇستىن چۈشكىنىمىزدە، نومنىڭ ئىسسىقىنىڭ تەپتىدىن چوڭلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ئېلىۋالغان چاپانلىرىمىز ئېغىر كەلدى. چۆل-جەزىرىلەرنىڭ بىر چېتىغا جايلاشقان بۇ يۇرتنىڭ بورىنى داڭلىق دېيىشىدۇ. بىز ھەم بۇ بورانىنىڭ كۈچىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ھەقىقەتەنمۇ داڭلىقچىلىكى باركەن، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ئېلىكتېرلىك ۋېلىسىپىتلەرنى ئۆرۈۋېتەلىگەندىن كېيىن. مۇشۇنداق شارائىتى ناچار ۋە چەت بىر زېمىننى يۇرت قىلىپ گۈللەندۈرۈپ كەلگەن، قومۇل قوغۇنىنىڭ ماركا سۈپىتىنى قايتا نامايەن قىلغان، تېخىمۇ مۇھىمى قومۇل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نوم تەركىبىنى ئېلىپ كىرىپ مۇھىم تۆھپە قوشقان بۇ تۇپراقتىكى ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك نوم خەلقىگە ئاپىرىن! ئۇلار بۇ يۇرتنىڭ ئىسسىق، ھەم شاماللىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئومۇمەن ئۆيلىرىنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە سالىدىكەن ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قارشىدىكى تامغا بىر شامال ئۆتۈشىدىغان دەرىزە ئېچىپ، شۇ يەردىكى زەدىۋالنى قايرىپ قويۇشىدىكەن. ھەربىر ئۆيگە كىرگىنىمىزدە ساندۇق ئۈستىگە تىزىلغان تۈرلۈك چاچما بويۇملار (قومۇل كەشتىلىرى) ياستۇق، يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ ئۆيگە زىننەت قوشۇپ تۇرغىنىنى كۆردۇق. قايسىلا ئۆيگە كىرمەيلى داڭلىق نوم قوغۇنى تىلىنىپ، داستىخانغا قويۇلدى. نوم خەلقى شۇ قەدەر ناچار شارائىتتا قومۇلنىڭ بۇ چەت بۇلۇڭىدىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلىرىنى يارىتىپ، ئۇنى بۈگۈن ھەم نامايەن قىلىپ كەپتۇ. مۇشۇ يەرگىلا خاس بولغان «بەش قەدەم ئۇسسۇلى» ۋە يىلدا بىر ئېچىلىدىغان مۇقام كۇرسلىرى سۆزىمىزگە دەلىل. ئىشقىلىپ، «چىڭگاڭ غوجام كېيىپ(كايىپ) قالسا نومغا پالايدۇ» دەپ زىندان قاتارى مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن بۇ يۇرت خەلقى قومۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى مەدەنىيەتنى مەنبە قىلغان ھالدا، ئۆز ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن دىيارىمىزنىڭ بۇ تۇپراقلىرىدا ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ كەپتۇ. سۆزىمىزگە دەلىل سۈپىتىدە شۇ زېمىندا تويلانغان قوشاقلاردىن بىر نەچچىنى نەزىرىڭلارغا سۇنىمىز:

نومدىكى پائالىيەتلىرىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قومۇلغا يانارىمىزدا ئاراتۇرۇككە چۈشۈپ، ئاراتۇرۇكنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن تاماشا قىلماقچى بولدۇق. بىز نومدىن قوزغالغاندا، ئاخشامقى بورانىنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمىگەن ئىكەن. ئاراتۇرۇككە كىرگىنىمىزدە سىم-سىم يامغۇر بىزنى قارشى ئالدى. تاغ ئارىسىغا جايلاشقان كىچىككىنە ناھىيە ئاراتۇرۇكتە يامغۇر يېغىۋاتقاندا توققۇزىنچى ئاينىڭ ئەمدىلا كىرگەن بولۇشىغا قارىماي، تەننى جۇغۇلداتقىدەك سوغۇق بار ئىدى. شۇندىلا قومۇلدا ئېلىۋالغان چاپان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلدى. ئارا تۈرۈكتە يامغۇر گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيەتتى. سەل يامغۇر توختاپ كۈن ئېچىلغان پەيتتە، بىز ئاراتۇرۇكتىكى تاغقا چىقىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ شۇ يەرلىك ئوماق سىڭلىمىزنى يول باشلىشىدا «دوبازا»لار جايلاشقان تاغقا چىقتۇق. بۇ «دوبازا» دېگىنى شۇ تاغقا دەپنە قىلىنغان، ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئىكەن. قەبرە شەكلى دېمىسىمۇ دوبازا(موما)غا تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. شۇ چاغدا لۇشۇننىڭ «دورا» ھېكايىسىدە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قېنىغا مىلەنگەن مومنى دورا ئورنىدا كۆرۈپ بالىسىغا يېدۈرگەن خۇاڭ لاۋشۇەن يادىمغا يەتتى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىققىنىمىزدا، ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى ناھايىتى كىچىك، لېكىن بەكمۇ جەزبدار كۆرۈندى. شۇ چاغدا يامغۇر يەنە كۈچىيىپ قالدى. سوغۇقتا دىرىلدەپ تۇرىمىز، تاغدىن چۈشۈۋاتىمىز، سەللا ئاۋايلىمىساق يەنە بولمايدۇ. ئارىلىق ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، بىراق شۇ دەمدىكى سوغۇقتا تۈگۈلۈپلا قالدۇق، شۇندىمۇ يۈگۈرۈپ مىڭ تەستە ئۆيگە كىرىپ كەتتۇق. قۇرغاق جايدا چوڭ بولغاچقىمۇ، يامغۇرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. كۆپىنچە سىم-سىم يامغۇرلۇق كۈنلەردە يۈرۈش ماڭا تولىمۇ ھوزۇر بېغىشلايدۇ. بىراق ھېچبىر يامغۇردا بۇنداق توڭلىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئاڭلىشىمىزچە دازىگودا قار يېغىپتۇ. قانداقمۇ كېتەرمىز؟! يامغۇر توختاپ خېلىدىن كېيىن، بېكەتكە چىققىنىمىزدا شۇ قارنىڭ كاساپىتىدىن يولنىڭ توسۇلۇپ قېلىپ، ماشىنىنىڭ توختىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، قومۇلدىن ئەتىسى كەچتە ئايرىلمىساق بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئاراتۇرۇكتىن قايتىپ بولالمىساق، قومۇلدا قىلىدىغان يەنە بىر مۇنچە ئىشلىرىمىز قېلىپ قالاتتى. خەۋەر ئۇقۇشۇش ئارقىلىق ئاراتۇرۇكتىن ئىككى تاكسىنى كىرا قىلىپ قومۇلغا كەتمەكچى بولدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا يول ئېچىلغانىكەن. تۈركۆلگە كەلگىنىمىزدە، دېگەندەك تاغلاردا سۈس قار ياغقانلىقىنى كۆردۇق. شۇ چاغدا يەنە بۇلۇتقا مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ بىر ھالنى بايقاپ قالدۇق. بىر توپ بۇلۇپ تاغنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. تولىمۇ تەئەججۈپلەندۇق. بۇلۇتنىڭ شۇنداق تۈتقىلى، كۆرگىلى بولىدىغان ھالىنى بۇرۇن كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، بىراق تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز ئىدى. ئاقتاش ئاسمىنىدا ئۈرۈشقان بۇلۇتنىڭ يېڭىلغىنى بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. تاغنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە، قار شۇنچە قېلىنلاپ بېرىۋاتاتتى. ئىلتىماسىمىزغا ئاساسەن، شوپۇر ئاقتاشتىكى قارىغايلىقلارنىڭ ئالدىدا ماشىنىنى توختاتتى. ماشىنىدىن چۈشۈپ بىر پەس قار ئېتىشىپ ئوينىدۇق. رەسىمگە چۈشتۇق. توققۇزىنچى ئاينىڭ بېشىدا ئون سانتىمېتىردىن ئارتۇق ياغقان بۇ قار، شۇنچىلىك ساپ ۋە پاكىز مۇھىتقا چۈشكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن

ئېتېپمۇ كۆردۇق. تەبىئەتنىڭ يۇرتىمىزغا ئاتا قىلغان شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلىرىدىن شۇنچىلىك پاك بىر گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇق. ئېرىق قايسى كۈنلا بىز چۈشكەن قۇمتاغ، يايلاق ۋە قارىغايزارلىقلار ئاپئاق قار ئاستىدا قالغانىدى. قايسىدۇ بىر داۋاندىن ئۆتكىنىمىزدە يەنە قار كۆرۈنمىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىز قومۇل تاغلىرىدىكى مۆجىزىدار تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ئويۇنلىرى بىلەن بىلەن ئاخىرلاشتى. گەرچە قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، بىراق قومۇل ھەققىدە، قومۇل مەدەنىيەتى ھەققىدە ئاز بولمىغان مەلۇماتلارغا، ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. مېھماندوست، ئىلىمسۆيەر قومۇل خەلقىنىڭ ياردىمىدە ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئۇنۇم ياراتتۇق.

## خەير، ئانا تۇپراق!

بۈگۈن، ئانا تۇپراقتىن، ئانامنىڭ قۇچىقىدەك ئىللىق باغرىدىن ئايرىلماقچىمەن. قىسمەتلىرىم جۇدالىقنىڭ ئىشكىنى ئاچقان. ئىستىقبال، ئىستىقلال دەپ سوققان يۈرەكلەر ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ۋەتەن يولىدىكى كۈرەشلەرگە ھازىرلىق كۆرۈش مەقسىتىدە ۋەتەننى تەرك ئەتمەكچى. قەلبىنىڭ ساداسى، ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالماسلىققا كىمنىڭ ھەددى؟! تاھىرنىڭ زۆھرە ئۈچۈن ئۆز ئەركىنى تەرك ئېتىپ، ساندۇق ئىچىگە مەھكۇم بولغىنى، پەرھادنىڭ شىرىن ۋىسالىغا يەتمەك مەقسىتىدە تاغلارنى تالغان قىلغىنى، مەجنۇننىڭ لەيلى ئىشقىدا چۆللەردە سەرسان بولغىنى كۆڭۈللەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن چىقىۋاتقان ئەنە شۇ نىدانىڭ خاسىيىتىدىن ئەمەسمۇ؟! رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئاشىقلار ئۆز مەشۇقلىرىغا ئۇ قەدەر ئاشىق ئىكەنكى، ئۇلار ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربانلىق قىلىشتىن يانمايدۇ، چۈنكى ئۇلار چىن مۇھەببەتنى مەنىسى بىلەن چۈشەنگەنلەر، ئۇلار ھەقىقىي ئىشق ئىگىلىرى. مەن ھەم ئاشىقمەن. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن «ئانا تۇپراق» دېگەن جاكار كېلىدىغان، «ئانا تۇپراق» دېگەن بۇ مۇبارەك كەلىمىنى ئاغزىمدا ئەمەس ھاياتىمدا ئۆمۈرلۈك مىزان قىلغان، ئۇنىڭ ئىشقى يولىغا ئۆزۈمنى بېغىشلىغان تاھىر، پەرھاد، مەجنۇن كەبى ئاشىقمەن.

مانا بۈگۈن يۇرتتىن ئايرىلغىلىۋاتىمەن. ۋەتىنىمنىڭ ئېگىز قارلىق چوققىلىرىدىن، پايانسىزلىقتا نامى چىققان ياپيېشىل يايلو (يايلاق)لىرىدىن، سۇ بارى (بويى)دا ئورۇن ئالغان گۈزەل باغلىرىدىن، ماڭا ئۆزىنىڭ ئەلۋەك سۈيى بىلەن مۇنبەت تۇپرىقىدىن ھاياتلىق بېغىشلىغان مۇقەددەس يەر ـ سۇلىرىدىن، ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىدا ئەللەي ئېيتىپ چوڭ قىلغان ئەل ـ جامائەتتىن مانا بۈگۈن ئايرىلماقچىمەن. ئاللاھتىن بۇ ئايرىلىشنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى تىلەيمەن، ئاللاھتىن بۇ ئانا تۇپراقنىڭ تۇپراق بولۇپ، تۇپراق تۆپىدە يىللاردىن بېرى ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ خەلق بولۇپ ئەبەدىي داۋام قىلىشىنى تىلەيمەن.

ئىزاھلار:

①ئۇيغۇرغول: قومۇلنىڭ بۇرۇنقى نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە 伊吾卢 يەنى ئۇيغۇرغول شەكلىدە كۆرۈلگەن. ئارسلان ئابدۇللا:«‹قومۇل› نامى ئۇستىدە يېڭى ئىزدىنىش»، «شەرقىي تەڭرىتاغ مەدەنىيەتى تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاي

②بەش شار بۇ بەش شەھەر دېگەنلىك بولۇپ، توغۇچى، لاپچۇق، ئاستانە، سۇمقاغا، قارا دۆۋە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئون ئىككى تاغ تاراتى، قوراي، تاشار، ئېدىر، باغداش، خوتۇنتام، شوپۇل، باي، ئاراتۇرۇك، نوم، تۇركۆل، نېرىنكىر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

③لاپچۇقتىكى ھەمدۇل رېھىمشاھ بوۋىمىزنىڭ 2010 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست ئېيتىپ بەرگەن «رامزان»نىدىن

④تۆمۈرتىدىكى ئابلىز ئىمىن بوۋىمىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن

⑤ئارسلان ئابدۇللا، سەمەت ئەسرا:«قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي فامىلە ۋە تامغىلار» «شەرقىي تەڭرىتاغ مەدەنىيەتى تەتقىقاتى»(خەنزۇچە) غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاي

⑥⑦تەڭرىتاغ تورى http://www.xjtsnews.com/normal/content/bak/Miras/content/2009 ـ 07/02/content-211981.htm

⑧⑨نوم يېزىسىدىكى يۇنۇس ئانار ۋە تاھىر بوۋىلىرىمىزنىڭ 3 ـ سېنتەبىردە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن

تەھرىرى: دىلئارام ۋەلى (2006)
)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سالام باچا

## (ھېكايە)

زاكىر ساداتلى (ئەزەربەيجان)

2008-يىلى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي» ھېكايە مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن بۇ ئەسەر، ئەزەربەيجانلىق يازغۇچى زاكىر ساداتلىنىڭ «سالام باچا①» ناملىق ھېكايىسى. بۇ ھېكايىدە ئافغانىستان ئىشغالى ئۈچۈن سوۋېت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كەلگەن بىر ئەزەر تۈركىنىڭ تىلىدىن «ئەسكەر مەھمەد ئەسكىرى» سۆزلىنىدۇ.

- سالام باچا!

بۇ ئاۋازنى تۇنجى ئاڭلىغىنىمدا خۇددى چۈشۈمدىكىدەك سېزىلدى.

- سالام باچا!

كېيىن بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلدىم. بۇ ئاۋاز ئۇزاقلاردىن، تەنھا چۆللەرنىڭ ئالۋۇنلىرى ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان، پەرياد ئىدى. بىز بەلكى ھەممىمىز، قوشۇنىمىز، ئەسكىرىمىز، نېمىمىز، سۇدانلىرىمىز...ئاشۇ چۈشلەردە يوقالغان، ئۇنتۇلغانمىز. بىز بۇ يەرلەردە ئەمەس ئاشۇ چۆللەردە قالغانمىز.

- سالام باچا!

ئون يىل سۈرگەن بۇ ئۇرۇش ئاياغلاشقىلى خېلى يىللار بولدى. يىقىنلىرى، تونۇشلىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئونىنچى يىلىنى قۇتلاۋاتقىنىدا ئۆزى بۇ يەردە يوق ئىدى. ئۇ ئۇرۇش بۇ قۇتلاش مۇراسىملىرىنى كۆرگەن بولسا، چوقۇم كۆلۈپ تېلىقىپ قالغان بولار ئىدى. بۇ سورۇنغا قاتناشقان مېھمانلار، قورقۇنچىنىڭ، ھاياجاننىڭ، ئۆلۈمنىڭ، يوقلىشىنىڭ ئاچچىق شەربىتىنى لەززەتلىك بىر شارابتەك ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتاتتى.

ھەممەيلەن قەھرىمانلىقى، يىگىتلىكى ۋە جەسۇرلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى. ھەممەيلەن ساداقەتمەن ئىدى. شۇنداق سۆزلەر بار ئىدىكى، ئاكۆپلاردا سۆزلەنمەيتتى. ئەمما ئۇلار سەھنىدە، تېلېۋىزىيە كامېرالىرىنىڭ قارشىسىدا سۆزلىنەتتى.

ھەممەيلەن سۆزلەيتتى...

كېيىن سەھنىنىڭ قاراڭغۇراق بۇلۇڭىدا، ئەسكىرىي فورما كىيگەن، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم، گىتارنى مەيدىسىگە تاقاپ، رۇسچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

- سالام باچا!

خۇددى تانكىلار ماڭدى ئۇ دەم، چۆلدىكى قىزىق قۇياش تېنىمنى كۆيدۈردى. دىمىقىمغا قۇيۇق قان ھىدى تولدى. بىر تال تاماكا، بىر يۇتۇم سۇ.

قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن ئىسقىرتىپ ئۆتتۈاتقان ئوقلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى...

قەدىمىي تۇپراق، مۇقەددەس تۇپراق، جەننەتتىن قوغلىنىپ جەھەننەمگە يول ئالغان تۇپراق. بۇ يەردە ھەر بىر نەرسە بىر-بىرىگە كىرىشكەن، ئارىلاشقاندى.

پەرىشتە يۈزلۈك ئىنسانلار، شەيتان يۈزلۈك ئىنسانلار...

ئەي كىشى! بۇلارنىڭ سەن ئۈچۈن پەرقى بارمۇ؟ بۇ يەردە ھېچكىم ئۆزىنىڭ تىلىدا سۆزلەشنى خالىمايدۇ. ئەمما، ھەممەيلەن قوراللارنىڭ تىلىنى يادقا بىلىشىدۇ. بۇ يەر ئەڭ بىغۇبار ئارزۇلارنىمۇ ئۆلۈمنىڭ تىلىغا ئۆرۈمەكچى بولىشىدۇ.

- سالام باچا!

ياكى بۇ بىر مۆجىزىمۇ؟ سېنىڭ ئاۋازىڭ ئون يىلدىن كېيىن باشقىدىن تىرىلدىمۇ؟ سېنىڭ تىلىڭ باشقا بىر مىللەتنىڭ لەۋلىرىدە يېڭىدىن جان تاپتىمۇ؟ نېمشقا شۇ تاپتا ئافغانىستاندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بۇ ئەسكەرنىڭ روھى، ھارغىن بىر كېپىنەكتەك، سېنىڭ شۇ قوشۇنلىرىڭ ئاشالمىغان تاغلاردىن ئېشىپ، ۋادىلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، كىچىك بىر ئوغۇل بالىنىڭ، باچانىڭ يىرىلغان قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قونماقچى بولىدۇ، نېمشقا؟

- سالام باچا! قېنى شۇ قاداق باسقان قوللىرىڭنى ماڭا سۇن، قوللىرىڭنى يۈرىكىمگە قويغاي، قوللىرىڭنى سۇن! كۆكسۈمگە باستۇراي!

ئافغانىستاندا ئۇرۇش قىلغان بىر ئەسكەر سەھنىدە چۇقان سالماقتا:

- ئەي يەر بىلەن يەكسان ئەتكەن شۇ ئۇۋۇلار، ئەي خارابىغا ئايلانغان شۇ شەھەرلەر! ياخشىمۇ سىلەر؟ ئەي، ئۆلۈمنىڭ ئېغىر يۈكىنى كىچىككىنە مۈرىلىرىدە كۆتۈرەلمىگەن باچا! سەن شۇ تاپتا قانداق ياشاۋاتىسەن؟

ئەپسۇسكى، شۇ يىراق پايتەخت تېلېۋىزىيەسىنىڭ كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس سەھنىسىدە، يۈرەكنى لەختە قىلىدىغان مارشلار، ناخشىلار ئېيتىلغان ئۇ ئەسكەرگە ئاۋازىنى يەتكۈزەلمەيۋاتىمەن، ئەگەر سەھنىدىكىلەرگە ئاۋازىم يەتسە ئىدى، ئۇلارغا:

- ئۆلۈم ئادرېسىغا ئەۋەتكەن سۆيگۈ مەكتۇپلىرىغا مەندىنمۇ بىر سالام يېزىڭ.- دېيتتىم. دەڭكى:

- سالام فەراھ !

- سالام شىنداند !

- سالام قەندەھار!

- سالام ھېرات !

- سالام مەھمەد ئەسكىرى!

ئافغانىستان ئىسمىنى ھەر ئاڭلىغىنىمدا ئېسىمگە ھېرات كېلەتتى. ئاندىن ئۇ قەدىم ۋە سىرلىق شەھەرنىڭ كۆز ئېكرانىمدىكى، ئېسىمدە قالغان غۇۋا رەسىملىرى ئارىسىدىن ياش بىر ئوغلان قەبرىدىن چىققان پېتى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولاتتى. بىر مەھەل كۆزۈمگە بىچارىلەرچە بېقىپ كۈلۈمسىرەيتتى. نۇرلۇق چېھرىدە قارىغانچە يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان ئۆلۈم ھەسرىتى، ئازابلىق بېقىشلىرىدا يەرگە چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۇچقۇلاق ياپرىقىغا چىڭ يېپىشقان شەبنەم تامچىسى.

ئىسمى: ئەسكەر، فامىلىسى: مەھەمەد ئەسكىرى

ئافغانىستان ئۇرۇشىدا بۇ قېرىنداشىمىز بىلەن ھېراتتا ئۇچراشقانىدىم. شۇندىن بېرى نەدە بىر بىچارە قېرىنداشىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام كۆز ئالدىمغا ئەسكەر مەھەمەد ئەسكىرى كېلەتتى.

شەيتانغا لەنەت!

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغلىرىمىزدا باھار پەسلى ئىدى. لېكىن شۇتاپتا بۇ سوغۇق قىش كۈنلىرىدىمۇ، مۇز تۇتقان شاخلاردا توپلىشىپ سايرىشۋاتقان قۇشقاچلارغا قارىغىنىمچە ئۇنىڭ روھىنى كۆرىۋاتىمەن. ئۇنىڭ روھى بۇياقلارغا ئۇچۇپ كەلدى.

**1980**-يىلىنىڭ باش باھار مەزگىلى ئىدى. ئافغانىستان قوراللىق كۈچلىرى ھېراتتا ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغانىدى. بەشىنچى باتالىيوننىڭ روتىلىرىدىن تەشكىل تاپقان نۇرغۇن ئەسكەر، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى، توپچى قىسىملار، تانكا قىسىملىرى بىلەن بىزنىڭ «مۇسۇلمان» ۋە «ساقاللىقلار» دەپ ئاتالغان قىسىملىرىمىزمۇ بۇ جەڭگە قاتنىشاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاجىز ۋە تەجرىبىسىز ئافغانىستان ئارمىيەسىنىڭ ئۆزىدىن ھەسسىلەپ كۈچلۈك ۋە سەرخىل قوراللانغان، تەجرىبىلىك دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئويىي ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇرۇش چاقچىقىدىن ئىبارەت ئىدى خالاس. ۋەھالەنكى ئۈستۈنلۈك مۇتلەق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قولىدا ئىدى.

ئۇ كۈنى «خەلق ئارمىيەسى» دەپ ئاتالغان ئافغان پىدائىيلىرىمۇ بىزگە قوشۇلغانىدى.

جەڭلەرنىڭ قاچان باشلىنىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۇ كۈنى ئەسكەرلەر ھېرات شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان چۆلدە توپلاندى. ئەتراپ «ئاتا ئانا كۈنى»②گە ئايلانغانىدى. يۇقراچە كىينگەن ئاففان پىدائىيلىرى بىزنىڭ ئەسكىري جاۋاھىراتلىرىمىزغا ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئىچىدە قارىشاتتى. قوماندان ۋە ئەسكەرلەرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق كۆرسىتىشەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا بىزنىڭ سوۋېت ئەسكەرلىرى بىلەن ئافغان پىدائىيلىرى ئارىسىدا كىچىك سودىلار باشلىنىپ كەتتى.

ئۇلار بىزگە تىرناق ئالغۇچ، سېغىز، قۇرۇق ئۈزۈم، تەسۋى ھەدىيە قىلاتتى. بىزدىنمۇ پوپايكا، قاچا، قوشۇق، ئاياق، شەپكە دېگەندەك ھەدىيەلەرگە ئېرىشەتتى.

تەرجىمانلار ئافغان پىدائىيلىرىدىن ھېچ قۇتۇلالمايتتى. ھەر بىرى بىر تەرجىماننى قولىدىن يېتىلەپ يۈرۈپ بىر كىملەرگە تەرجىمانلىققا سالاتتى. بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردا ئېغىزدىن چىققاننى قۇلاق ئاڭلىمايتتى. ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بىر-بىرىنى چۈشىنىشمەك ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە تىرىشاتتى. تەرجىمانلار يېتىشمەيۋاتاتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقلاردا بىرىنىڭ دەردىنى يەنە بىرىگە ئاڭلىتالىغۇدەك تەرجىمان تېپىش مۇشكۈل ئىدى.

دوستۇم باكىر گامبەروۋ بىلەن بىر تانكىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۆز تىلىمىزدا پاراڭلىشاتتۇق، چاقچاقلىشاتتۇق. باكىرنىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرى ھېچ ئۈزۈلمىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە ۋاغازلى③ ئويۇنىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىسقىرتىشقا باشلىدى. ئاندىن يادىغا كەچكەن خەلق ناخشىلىرىغا غىڭشىدى.

ئەتراپتا ھېچكىم بىر-بىرىگە پىسەنت قىلمايتتى. گويا ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئىچ دۇنياسىغا سولانغانىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇيەردىن بۇيەرگە يۈگۈرۈپلا يۈرگەن ئاففان پىدائىيلىرىنىڭمۇ ئۈنى كېسىلگەنىدى. يان بېشىمىزدا تۇرغان ئاففانلاردىن بىرى تەرجىمانىمىز شەرىفوۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. باكىر ئىككىمىزنى ئىما قىلىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دېدى. **35-30** ياشلار چامىسىدىكى بۇ ياشنىڭ باياتىن بېرى ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى يادىمغا يەتتى. ئالدىمىزدا جىمجىت گېپىمىزگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى.

ئۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قالايمىقانچىلىقلاردا يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نورمال دەپ ئويلاپ تازا ئېرەن قىلماپتىكەنمەن. ئۇ تەرجىماننىڭ قولىدىن ھەدەپ بىز تەرەپكە يېتىلەيتتى. باكىر ئىككىمىز نېمە بولغاندۇ دېگەندەك بىر-بىرىمىزگە بېقىشتۇق.

ئافغانىستانلىق بىلەن يۈزمۇ-يۈز كەلدۇق.

ئۇ شەرىفوۋغا پۈشتۇچە بىر نېمىلەرنى دەپ توختىدى. شەرىفوۋ يۆتىلىپ ئاۋازىنى سازلىۋالغاندىن كېيىن «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. تەستىقلاپ كۈلدى ۋە بىزدىن رۇسچە سورىدى:

- ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟

- ئەلۋەتتە چۈشەنمىدۇقتە!- دېدىم مەن.

- باياتىندىن بېرى سىلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئەزەرمەن دەيدۇ. ئەمما ئەزەر تىلىنى بىلمىگەنلىكتىن سىلەردىن ھېچ نەرسە سورىيالماپتۇ. سىلەر بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

-ئۇنداقتا ئۇ بىزنىڭ ئەزەربەيجانلىق ئىكەنلىكىمىزنى قانداق بىلىپتۇ؟- شەرىفوۋ سۆزىمىزنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ تەرجىماننىڭ ياردىمىدە كۈتۈلمىگەن بىر جاۋاب قايتۇردى:

«شۇ قەدەر شېرىن سۆزلىشىۋاتاتتىڭكى، قەلبىم لەرزىگە كەلدى. ھاياتىمدا بۇ تىلنى پەقەت بىرلا قېتىم ئاڭلىدىم، ئۇ چاغلاردا مەن تېخى بالا ئىدىم.»

بىز ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر-بىرىمىزگە بېقىشتۇق. ئۇنىڭ يۈزىدە، ئۇرۇشنىڭ كۆيدۈرۈپ خاراب ئەتكەن رەڭلىرى ئىچىدە، باللارچە ساپلىق تەپچىيتتى. بىلەلمىدۇق، باش باھاردا، ھېرات چۆللىرىگە، بۇ ئۇرۇشنىڭ قايناملىرىغا نەدىن تاشلاندى بۇ بالا...

«پەقەتلا ئاتام بۇ تىلدا سۆزلىگەن ئىدى. ئۆلۈمىدىن بىر كۈن ئىلگىرى، ۋەسىيەت قىلدى. ھەممىمىز بىلەن ھالاللاشتى. ئاندىن دېدىكى: ئېتىمنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ ئېتىنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە قاتتىق يىغلىدى. ھەممەيلەن بۇ ھالدىن ھاڭ-تاڭ قېلىشتۇق. ئاتام ئېتى بىلەن بىز ھېچقاچان

ئاڭلاپ باقمىغان بىر تىلدا سۆزلەشتى. ئۇ چاغدا مەن ئاتامنىڭ ئۆلۈملۈك بىر يەرگە ئەمەس، بەلكى شۇ تاپتا سۆزلەۋاتقان تىلى سۆزلىنىدىغان بىر يەرگە سەپەرگە چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم.»

مەن ئاستا-ئاستا ئۆزۈمنى يوقىتىشقا باشلىدىم. بۇ بىپايان ھېرات چۆلىدە، تانكىنىڭ كۆلەڭگىسىدە باكىرغا قارىدىم ۋە ئۇنىڭ چېھرىدە ئۆزۈمنى كۆردۈم. ھەر كۈنى پاراڭلاشقان، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەن شۇ تىلدا بەلكى بىزنى قوغداۋاتقان، قوللاۋاتقان بىر كۈچ باردۇر. ئۇ تىل بۇ يەردە ئەمەس، تولىمۇ يىراقلاردا قالدى. بۇ يەردە بولسا ئۇ تىلدىن قالغىنى ئېيتىغا ئېسىلىپ ھالاللاشقان بوۋاينىڭ ھەسرەتلىك دۇئاسى ئىدى.

«ئاتام ئاخىرقى تىنىقلىرىدا ئىدى. مەن بالىلىق ھەۋەسلىرىمنى ھېچ يېڭەلمەيتتىم. ئاتامنىڭ ئۆمۈر بويى يوشۇرۇپ كەلگەن بىر سېھىرلىك ساندۇقى بارلىقىنى — ئۇ ساندۇقنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىمىزنىلا ئويلايتتىم. قىسقىسى، ئاتامدىن ئۇ ساندۇقتا نېمىلەر ساقلانغانلىقىنى سوراپ بىلگۈم كېلەتتى. ئاتام ئېغىر بىر تېنىق ئېلىپ شۇلارنى پىچىرلىدى:

- تەبرىز، باكۇ، گەنجە، ئەردەبىل...

تاجىك تەرجىمانىمىز شەرىفوۋ بىزگە ياردەم قىلىۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغاي! توغرا، ئۇنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى بىزگە ئۇرۇشنىڭ تىلىنى ئۆرۈمەك ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ ۋادىلار، چۆللەر، تاغلارنىڭ ئىچىدە ياتقان ئاجايىپ بىر ھېكمەت بىلەن تەرجىمانلىق قىلىۋاتاتتى.

ئەسكەر مەھمەد ئەسكىرى ئاجايىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە بىزگە باقاتتى. ئېرىشكەن نەرسىسنى يۇتتۇرۇپ قويۇشتىن قورققان بالىلاردەك ئالدىراقسانلىق ۋە ھاياجان بىلەن بىزنى توختىماي قۇچاقلايتتى. ھەتتا بىزنى قوينىغا بىر يەرلەرگە سېلىپ ساقلىۋالغۇسى كېلەتتى.

تۇيۇقسىز، گۈلدۈرماما چاققاندەك بىر ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى. غۇلچىنى كەڭ ئېچىپ مېنى ۋە باكىرنى قۇچاقلىدى.

بۇ مەنزىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەرجىمانمۇ، تەرجىمىمۇ ھاجەتسىز ئىدى.

مەن شۇ تاپتا شۇنى چۈشەندىمكى، بۇ ئۇرۇشنىڭ بىز بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق. بۇ يەردىكىسى پەقەت تەقدىرنىڭ ئويۇنى ئىدى خالاس. ئەمما، بىز نېمىشقا بۇ ئويۇنغا قېتىلىپ قالدۇق؟ ئۆز-ئۆزۈمگە دەيمەنكى، ھېچقانداق سوئال سورىما. بەلكى بېشىمىزغا كەلگەن پۈتۈن ئىشلار، مېنى مىلتىق ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر، مېنىڭ ئۇقلىرىمغا نىشان بولغان كىشىلەر، بۇ ناتونۇش ھېرات چۆلى، تەقدىرنىڭ بىر باھانىسىدۇر. ئەمىسە مەقسەت نېمىدى؟

ياكى يارىلانغان، ياكى پارچىلانغان بۇ دىياردا ئىگىسىز روھلاردەك ئۇچۇپ يۈرگەن بىر بىچارە قېرىنداشىمىزنىڭ دۇئاسىغا ئېرىششمۇ؟

بەلكىم ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدىكى زامان ئىسمىلىك ئىلاھى شىفىر، رەقەملەردە ئەمەس، يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە يوشۇرۇنغاندۇر.

تۇيۇقسىز، بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى، بىر سەھەر ۋاقتى بىلەن ھېراتنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، تىلىمنىڭ تۇتۇلغانلىقى، ئاللىقانداقتۇر بىر كۈچتىن سېھىرلەنگەنلىكىم ئېسىمگە كەچتى. ئەمما بۇ تۇپراقلاردا قاچان تۇغۇلغانلىقىمنى ۋە قاچان ئۆلگەنلىكىمنى ھېچ ئەسلىيەلمىدىم.

ئۇنىڭ بىلەن رەسىمگە چۈشتۇق، غىزالاندۇق. ئەسكەر ئۇ كۈنى پۈتۈن كۈن بىز بىلەن بىرگە بولدى. دوستلىرىنىڭ يېنىغىمۇ قايتمىدى، ھەتتا ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى.

چۈشتىن كېيىن ئۇنى ئۆيىۈگە قايتقىن دەپ زورلىدۇق. دەسلەپتە قوشۇلمىدى. كېيىنچە:

- بىر شەرت بىلەن قايتىمەن،- دېدى،- سىلەرمۇ بېرىپ، ئەڭ بولمىغاندا بىر كېچە مېھمان بولۇپ كەتسەڭلار.

بىز ئەسكەر ئىكەنلىكىمىزنى، ئۆز بېشىمىزغا ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، بۇيرۇققا بىنائەن ئىش كۆرىدىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۇق.

ئەسكەر مەھمەد ئەسكىرىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن زورلىدۇق. يول ئۇزاپ كەتمەستە قايتىۋېلىشقا ئۇزاق يالۋۇردۇق.

- ماقۇل، قايتاي. ئەمما ئەتە ئەتىگەن بۇ يەرگە كېلىمەن، سىلەرگە تاماق ئېلىپ كېلىمەن،-دېدى.

خوشلىشىپ ئايرىلدۇق. بىز سەھەرگىچە ئۇيەردە بولالمىدۇق، يېرىم كېچە بىزنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. بەدەخشان تاغلىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئەسكەر مەھمەد، كىم بىلىدۇ قانچە يىلدىن بېرى خۇرجۇنىدا باكىر ۋە ماڭا ئېلىپ ماڭغان تاماق. تىلىدا «قېرىنداشلىرىم!» چۇقانلىرى بىلەن ئاداشقان روھلاردەك ھېرات چۆللىرىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغاندۇ.

ئەسكەرنىڭ چاچ ساقاللىرىمۇ ئاقارغاندۇر چوقۇم.

①باچا: ئافغانىستان پارسچىسىدا «يىگىت» مەنىسىدە

②«ئاتا ئانا كۈنى (Anne baba Günü) » بۇ تۇراقلاشقان ئىبارە بولۇپ، ناھايىتى ئاۋات، ئادەم كۆپ مۇھىتلارنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ھېكايىدە مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

③ۋاغازلى: ئەزەربەيجاننىڭ خەلق ئاھاڭلىرىدىن بىرى.

**تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)**

**تەھرىرى: دىلئارام ۋەلى (2006)**

# مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ

لياڭيۈ مەنتيەن

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: قاتتىق هاياجان ۋە ئارزۇ-ئىستەك ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلىڭىزنى توق، قورسىقىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ. ئازاب ۋە ئەنسىرەشلەر پەقەت قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بىخ سۇردۇ ھەم پەقەت شۇ يەردىلا ھەقىقى يوقىلالايدۇ. ئۇ خىل ھېسسىياتلارنىڭ يوقىلىشىغا دەسلەپتە بەلكىم بىر يىل، نەچچە ئاي، بارا-بارا نەچچە كۈن كېتىشى، ھەتتا نەچچە سائەت كېتىشى ياكى دەقىقە ئىچىدە يوقىلىشى، ھەتتاكى پەيدا بولا-بولمايلا يوقىلىشى مۇمكىن، خۇددى بىر پارچە ئۇچقۇن تامچە سۇدا ئۆچكەندەك.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: ئىشلىرىڭىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ ھەم كۆڭۈل بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ روھىڭىزدىكى جىمجىتلىقنى ساقلاڭ. كەسكىن، سالماق ھەم پاك بولۇپ، ھاياتىڭىزنى گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىققا تولدۇرۇڭ. بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بالىڭىزنى، جورىڭىزنى ھەم ئاتا-ئانىڭىزنى سۆيۈڭ. تەڭلىكتە قېلىشتىن ساقلىنىڭ ھەم باشقىلارنى تەڭلىكتە قويماڭ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: ھەر ئىشتا ئەجەبلەنمەڭ. ھودۇقماڭ، ئالدىراقسان ياكى سۆرەلمە بولماڭ، گاڭگىرىماڭ، ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئەندىشىڭىزنى كۈلكە ئارقىلىق يوشۇرماڭ. ئېرىشكەنلىرىڭىزنى كۆز-كۆز قىلماڭ ھەم قولدىن بېرىپ قويغانلىرىڭىز بىلەن ئارتۇقچە ھېسابلىشىپمۇ يۈرمەڭ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئازار بەرمەڭ، چۈنكى، ئېرىشىشتىن سادىر بولغان جىنايەت يوقىتىشتىن سادىر بولغان جىنايەتتىن قورقۇنچلۇق.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: روھىڭىزنى بۇلغىماڭ، تەبىئىتىڭىزدىن يىراقلاشماڭ. يەكلەنگەنلىكىڭىز ۋە سۇندۇرۇلغانلىقىڭىزدىن غەزەپلەنمەڭ. چىن سۆزلۈك ۋە راستچىل بولۇڭ. ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل ئويلىنىڭ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: بىلىملىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆز خىياللىرىڭىزنى يوشۇرماڭ. توختىماي كاسىلداپ، ئالدىراپ-تېنەپلا يۈرمەي، ئېغىزىڭىزغا ئاراملىق بېرىڭ. مۇمكىن بولسا ئۆز ھەرىكەتلىرىڭىزنىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: سىزگە خاتىرجەملىكنى باشقىلار بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىڭ. ھەممىلا ئىشتا خالىغانچە يول تۇتسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىڭ. ماختاش، تەلپۈنۈش ۋە خۇشامەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش، سۆيۈلۈش ۋە ئىززەتلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىڭ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: ئۆز پىكرىڭىزنى ھۆرمەت قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ پىكىر ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ھەم باشقىلارنىڭ پىكىر ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىنى ھۆرمەت قىلىڭ، پەقەت ئۇلار چىن يۈرەكتىن چىققان بولسىلا.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: بۈگۈندىن باشلانغان بارلىق ۋاقتىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ. لاغايلاپ يۈرۈپ ئىسراپ قىلىۋەتمەڭ. كېيىن ئوقۇيمەن دەپ ئويلىغان كىتابلىرىڭىزنى ھازىرلا ئوقۇشنى باشلاڭ، چۈنكى، قېرىغاندا ئۈنى ئوقۇغۇدەك زېھىن-قۇۋۋىتىڭىز قالمايدۇ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭىزمۇ تۆۋەنلىگەن بولىدۇ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: باشقىلار سىزگە ئازار بەرگەندە «مەن ئازار يېدىم» دېگەن ئاغرىنىشنى چۆرۈۋېتىڭ، شۇندىلا كۆڭۈل غەشلىكىڭىزمۇ يوقاپ كېتىدۇ.

مۇنداقمۇ ياشاپ بېقىڭ: ئۆزىڭىزنى تارتىڭ. بۇ ھەرگىزمۇ قايىنام-تاشقىن شەھەردىن ئۆزىڭىزنى تارتىپ يېزىغا بېرىڭ، ئېسىل سارايلاردىن ئۆزىڭىزنى تارتىپ كەپىگە بېرىڭ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۆزىڭىزنى تارتىش پەقەت خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. دېمەكچى، بۇ خاتىرجەملىك پەقەت كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر، خالاس.

«جۇڭگو-چەتئەل ساغلاملىق ئۇزۇندىلىرى» 2010-يىل 8-ئاي كېيىنكى يېرىم ئايلىق ساندىن تەرجىمە قىلىندى.

ئاينۇرقىز مەتىمىن (2007) تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# بەخت بېكىتى

ئابدۇمجىت ئابدۇللا (2006)



ئارزۇلاردىن يېرىلغان كۆڭلۈم،
يۈرەك تىنچسىز نېمدۇر سۆزلەر.
ئىشەنگىن ساپ مۇھەببىتىمگە،
ئالدىمايدۇ سېنى بۇ كۆزلەر.

بىلمەس ئىدىم ھىجران دېگەننى،
سۆيگۈ سۆزىن ياتتىن ئۆگەنسەم.
خالىمايمەن سەنسىز ياشاشنى،
مىڭچە ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلسەم.

بىزنى كۈتەر بەخت بېكەتتە،
يۈرەك خۇددى يولۇچى كەبى،
سەن گوياكى مەلەك-پەرىزات،
«تۆت قۇلاق»تەك گۈزەل ھەم سەبى.

جېنىم ئەمدى سەن ھەم بىلىپ قوي،
سۆيگۈ بىزنى قويمايدۇ ھېچ تىنچ،
ئارمان بىزنى ئەسىر قىلغاندا،
«ئەسىر» يۈرەك سوقار ناتىنچ.

تەھرىرى: قۇربانجان ۋاھاپ روھزادە (2007)

# تۇرسام

(غەزەل)

ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت (2009)

ئىشقىڭدا مەن كۆيۈپ تۇرسام، لەھزىدە مىڭ ئۆلۈپ تۇرسام.
كۆڭلۈڭگە شەك كەلتۈرمىگىن، ساڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرسام.

بىر قېتىممۇ كۆرمىگەنلەردەك ئۆتۈپ كەتتىڭ كۆرۈشكەندە،
بىلمىدىڭمۇ بىر سېنىلا نەچچە يىللاپ كۈتۈپ تۇرسام.

يۈزۈڭ ياپتىڭ مەندىن كەچتىڭ، نېچۈن يەنە ئازاب چاچتىڭ،
بىر باقمىدىڭ سەن كۆزۈمگە، ئەقىدەمنى پۈتۈپ تۇرسام.

ئويلاپتىمەن قايتىپ كەلسە ئېلىپ كېلەر ۋىسال، باھار...
ئاچچىق شامال ئېلىپ كەلدىڭ، شېرىن خىيال سۈرۈپ تۇرسام.

كۆنگەن ئىدىم دەردلىرىڭگە دائىما مەن چۆمۈپ تۇرۇپ،
تۇنجۇقتۇردۇڭ نېچۈن مېنى، تاشقىنىڭنى بۆلۈپ تۇرسام.

«ۋاپاسىز» دەپ رەت قىلدىڭغۇ، جۇدالىقتا بەنت قىلدىڭغۇ،
ۋىسالىڭ دەپ مىننەت قىلماي، بەدەللەرنى تۆلەپ تۇرسام.

مېنى خاتا ئەيىبلىدىڭ «ئازغانلارنى ئۆستۈردۈڭ» دەپ،
ئۆزگە قويغان تىكەنلەرنى قەھرىم بىلەن يۈلۈپ تۇرسام.

«ئەقلىڭگە قايت جانىم» ساڭا ئېيتىپ قوياي، ساقلاپ تۇراي.
شەيتان بىلەن ساما سالدىڭ، ئەقىل كۆزدە كۆرۈپ تۇرسام.

گۈللەر بىلەن قايتىپ كەلسەڭ، بىر كۈن يەنە ۋىجدان بىلەن،
شۇندا يۈرەك يېرىلارمۇ، مېھىر بىلەن سۆيۈپ تۇرسام.

تەھرىرى: توختىقارى نۇر (2008)

# ئىككى شېئىر

## ئىلھامجان يۈنۈس (2006)

### مۇھەببەت نەدە؟

مۇھەببەت ئۇ نەدە ئايدىڭ كېچىدە،
تولۇنئاي يۈلتۈزغا تاشلىدىمۇ كۆز.
ئاشىقنىڭ ناخشىسى ياش تۆكسىمۇ گەر،
تاش كەبى يۈرەكتىن چىقمىدىغۇ سۆز.

مۇھەببەت ئۇ نەدە قىشنىڭ باغرىدا،
ياپراقلار ئۈششۈسە كىمنى تىللايمەن.
كۆڭلۈمنىڭ دۈردۈنى ياپتى ئەقىلنى،
زار قىلما ئەي باھار، سېنى چىللايمەن.

مۇھەببەت ئۇ نەدە قۇياش كۆكسىدە،
زېمىنمۇ خىجىلچان، نازلىق كۈلىدۇ.
قىينىغاچ قەلبىنى پىچىرلاپ سۆيۈش،
شەبنەملەر جىدالماي ئىگراپ ئۆلىدۇ.

مۇھەببەت ئۇ نەدە ئىنسان كۆزىدە،
ھەر نەپەس خۇشپۇراق چېچەك ئاچىدۇ.
جۇپلەشكەن لەۋلەرنىڭ شېرىن ئارزۇسى،
لەززەتلىك دەملەرگە نۇرلار چاچىدۇ.

مۇھەببەت ئۇ نەدە سۆنىڭ يۈزىدە،
دولقۇنلۇق ئېقىنغا شامال توسالغۇ .
بېلىقنىڭ ئۈزۈشى ئۈمىدلىك تەشۋىش،
كېمىچى كۆز ياشنى قىلار قونالغۇ .

مۇھەببەت ئۇ نەدە، تارچۇق كوچىدا،
كېپىنەك ئاۋارە چېچەك تاپالماي.
جىگدىلەر كۆزىدە يۈيىدۇ يەرنى،
توپىلار توزۇيدۇ ھۆلدە ياتالماي.

مۇھەببەت ئۇ نەدە تەقدىر پەلەكتە،
كىملەرنى كۈلدۈرسە يىغلاتتى مېنى.
شېرىندەك تاتلىق ھەم زەھەردىن ئاچچىق،
مۇھەببەت باغرىغا باستىمۇ سېنى.

### دېڭىزبويىدىكى چۈش

ئېسىلدى ئاق بىپەك زېمىن بوينىغا،
ئاسماندىن شۈ دەمدە ئاق تىلەك يېغىپ.
ئۈزىدۇ ئاق بۇلۇت ئاق سىزىق سىزىپ،
نىگارنى كۈتمەن گۈلدەستە تىزىپ.

سېغىنغان مەن ئۈشبۇ ئاق رەڭ كۈنلەرنى،
ئاق يۈزلۈك يار بىلەن يۈرۈشنى ئويلاپ .
ئاق نۇرنىڭ نازلىشى ياردى كۆكسۈمنى،
جۈپ يۈرەك قانىدى ئاق قارنى ئويناپ.

ئاق كېچە ئېيتمەن تۈگمەس ناخشا،
ئاق تاملىق ئۈيدە تىڭشايدۇ جانان.
لەپىلدەپ ئاق قارلار توي چاچقۇسىدەك،
تىلەيدۇ بەختىمنى زېرىكمەي ھامان.

چۈشلىرىم تارايدۇ ئاق تۇمان بىلەن،
چىللايدۇ دىلبەرنى ئاق ئۆستەڭ تامان.
ئاق يوللۇق تۈتتۈممەن چۈش سەپىرىمگە،
ئاق دالا ئۈستىدە ئۈچسۇن دەپ ئامان.

ئاق كەپتەر سالامنى يوللاپ گۈلۈمگە،
تولدى ئاق چېچەككە سۆيگۈ باغلىرى.
ئۈنتۇلماس ئەبەدىي يار بىلەن ئۆتكەن،
ھاياتنىڭ مۇشۇنداق شېرىن چاغلىرى.

ئاق سۆگەت كەينىدە جۈپلەشتى لەۋلەر،
ئاق بۇلۇت، ئاق كەپتەر كۆردى ھەممىنى.
ئاق پەسىل زوقلاندى گۈزەل ياشلىقتىن،
قانغۇچە سۈردۈممەن ۋىسال تەمىنى.

ئويغاتتى ئاق چاچلىق ئانامنىڭ ئۈنى،
ئاق زېمىن يالت قىلىپ يۈتتى يادىمدىن.
ئاق يەرگە قىيالماي ياش تۆكتى چۈشۈم،
ئاق قارەدەك بىر مەكتۇپ كەلدى يارىمدىن.

تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# شەھەر ۋە تەنھالىق

قۇربانجان ۋاھاب روھزادە (2007)

ئارزۇ-ئارمان تېۋىنىش بىلەن،
كەلدىك تەنھا بۇ چوڭ شەھەرگە.
ۋاقىتلاردا بولغاچ پەرقلەر،
كۆنەلمىدىك كەچ ھەم سەھەرگە.

كۆز ئالدىڭدا ئېگىز بىنالار،
كۆرەلمەيسەن بۇندا ئۇپۇقنى.
شاۋقۇن-سۈرەن، غەلىتە سىياق،
سەن ئىزدەيسەن تەلەي-ئۇتۇقنى.

كۈنلەر ئۆتەر شۇنچىلىك تېز-تېز،
قىستاپ كېلەر سېنى رىقابەت.
سەن يۈرسەن گاھى ئۇيقۇسىز،
كوچىلاردا ھالسىز قىياپەت.

بارچە ھەيۋەت سۆلتى بىلەن،
كۆز ئالدىڭدا مۇزدەك ھەشەمەت.
مېھىر يوقتۇر ھېچبىر نىگاھتا،
سوغۇق ھېسقا ئوقۇيسەن لەنەت.

كۆنەلمەيسەن بارچە-بارچىگە،
گاڭگىراشتىن قايار باشلىرىڭ.
توپا يوللار كۆپكۆك ئېتىزلار،
خىيال ئەيلەپ ئاقار ياشلىرىڭ.

كەڭرى شەھەر بارچە ئالدىراش،
ئۆزگەرت دېمەس ھېچكىم يولۇڭنى.
كاتەك كەبى قونالغۇلاردا،
چۈشسەڭمۇ ئىسسىق ئۆيۈڭنى.

**بىز ياشىغان شەھەر**

تىمتاس سەھەر،
ھەيۋەت شەھەردە.
ھۆكۈم سۈرەر ئۆلگۈر زېرىكىش.
قېتىپ قالار ئۇندا ھېسلىرىڭ،
قارىچۇقلىرىڭ،
تومۇرۇڭدا ھەتتا قانلىرىڭ،
قاراپ قالساڭ ئۇزاق ئەگەردە.

ئاڭلانمايدۇ،
پۈتۈپ قاپتۇ قۇشلارنىڭ ئۈنى،
ياڭرىمايدۇ،
قېتىپ قاپتۇ كۈيلەرنىڭ مۇڭى.
قېتىپ قاپتۇ ھەتتا ئۇپۇقمۇ.
كۆرۈنمەيدۇ ئاسمانلىرىدا
قۇياشنىڭ ئۆڭى.
قازان قايناپ قالغان مەھەلدە.

ھايات
داۋام قىلار سۆرەلمىلىكتە.
كۆرۈنمەيدۇ بۈگۈن،
جەننەت چۈشەپ يۈرگەن مومايلار.
نەگە كەتتىكىن
مۈكچەيگەن،
يەلپۈگۈچ تۇتقان،
كۈمۈش چاچلىق قېرى بوۋايلار.
قاياقتىندۇر بالكونلاردا،
چۇۋۇق چاچلار،
قىزارغان كۆزلەر
ئەسنەپ ئۆتەر ئەسلىمىلەردەك
بۇ ئارامسىز غەمكىن سەھەردە.

ھايات
قارىماققا توختاپ قالغاندەك،
ئاستا-ئاستا جانلىنار بىراق.
كېتەلمەيمەن ئۇنىڭدىن يىراق،
ئۆچ بولسامۇ
بۇنداق سەھەرگە.
قاراڭلار...
توققۇزى تەل ھېچنېمىسى يوق
مەن ياشايمەن شۇنداق شەھەردە.

تەھرىرى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)




قىزىل گۈلگە ھەۋەسىم كېلىپ قالدى تۇيۇقسىز،
چۈنكى باركەن ئۇنىڭمۇ گۈللەرگە خاس ئىپپىتى.
گۈلچىلىكمۇ بولالماي ناپاك قوللار ئالدىدا،
ئازابلىدى قەلبىمنى گۈزەل قىزلار قىسمىتى.

ئۈزمەك بولساڭ گۈلزاردىن قىزىل گۈلنى شارتتىدە،
ئاچچىق بىلەن قولۇڭغا سانجىلاركەن تىكىنى.
گۈلچىلىكمۇ بولالماي بىزنىڭ قىزلار بەزىدە،
شامال كەلمەي تۇرۇپلا چۈشۈپ كەتكەن يەلكىنى.

سوراپ باقسام گۈللەردىن تىكىنىنىڭ سىرىنى،
ئەسلى ئىكەن ئىپپەتنىڭ قوغدايدىغان شەمشىرى.
گۈلچىلىكمۇ بولالماي بەزى قىزلار سىناقتا،
چىك سانجىلدى يۈرەككە بۇزۇقلۇقنىڭ نەشتىرى.

ھەيھات، دېدىم گۈللەرنىڭ بۇ روھىدىن سۆيۈنۈپ،
قىزىل گۈللەر شۇڭلاشقا قىزىل ئىكەن پاكلىقتىن.
بولسا گەر ھاياتلىقتا قىزىل گۈلدەك ئۆز يارىڭ،
قىزىل گۈل قىسسىپ قويغىن قۇلىقىغا شادلىقتىن.

## ئاشىق نىداسى

نۇرئەلى ئابلەت ھەقدارى (2010)

ئەي نىگار، مەن سېنى كۆرۈپ تۇنجى رەت،
ئۆزۈمگە ئوخشىماي قالدىمغۇ پەقەت.
ئەقىل-ھوشۇم ئۆز ئەركىنى يوقاتتى،
بۇنى تەقدىر قىلغانمىدۇ ماڭا دەۋەت.

گۈل جامالىڭ - قارا كۆزۈڭ مەپتۇن ئەيلىدىم،
ئۆز ساچىڭ، شېرىن سۆزۈڭگە مەھلىيا بولدۇم.
كۆڭلۈڭدىن سۇ ئىچسۇن نازۇك بۇ كۆڭلۈم،
يەكلىمە، يۈرىكىڭ بەر، مەن سەۋدا بولدۇم.

شوخ ئۇسسۇلۇڭ قوزغار ھاياجانىمنى،
كۆزلىرىم سۆزلەر ساڭا قەلب سىرىمنى.
مېھرىمدىن، جىسمىمدىن سۇندۇم ساڭا،
چىن ئەقىدەم سىڭگەن سۆيگۈ گۈلۈمنى.

«چۈشىنىش»تىن ئېغىز ئاچما، بولدى بەس،
ئادەمزاتنى چۈشەنمەك بىلسەڭ بەكلا تەس.
«ئىشەنچىم» بېسىپ چۈشتى «گۇمانلار»نى،
«ئىشەنچ»نى قويما يەردە، قىلمىغىن پەس.

ئاشىقنىڭ مەشۇقتىن كۈتكىنى ۋاپا،
ۋاپا ئىزلەپ يۈرىكىمنى سۇندۇمغۇ ساڭا.
كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئەمەسقۇ گۇناھ؟
چىن سۆيگۈم قوبۇل ئەتكىن، خار قىلما.

سۆيگۈم ياشلىقىڭغا قوشار گۈزەل مەنا،
ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە قويما تەمەننا.
چىن ساداقىتىمنى خار قىلىپ ھازىر،
كېيىن قالما ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا.

گۆدەك قىز باللىقنى تاشلا ئەمدى،
بىل! ئاتىماق بولدۇم ساڭا بەختىمنى.
سۆيگۈ گۈلشەنىمدە كېپىنەكتەك پەرۋاز قىل،
چۈشەنگىن ۋەيران قىلما بەخت تەختىمنى.

سۆيگۈمدىن يار ساڭا بەخت-ئامەت ياغسۇن،
جان-جىسمىم مېھرىڭدىن كۈچ-مەدەت ئالسۇن.
كەل! جۆر بولۇپ داۋانلارنى ئاشايلى بىرگە،
ئارزۇلار چېچەك ئېچىپ باغقا ئايلانسۇن!

تەھرىرى: ئايگۈزەل ئابدۇسالام (2009)

www.uyghurkitap.com

# مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم

هەببە قۇربان (2009)

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
ھەسرەتلەر ماڭىلا ھەمراھدۇر ھامان.
دەردلەردىن قۇتۇلۇپ شادلىقتا ياشاش،
مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۇقەددەس ئارمان.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
ئويلايمەن ھەر ۋاقىت كۈلۈپ بېقىشنى.
تىرىشىپ زورىغا قىلسامۇ جىلۋە،
كىم بىلسۇن كۆزۈمدىن ياشلار ئېقىشنى.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
دۇنيا ھەم خۇش كۈلۈپ باقمىدى ماڭا.
دائىملىق سوۋغىسى پەقەتلا ھەسرەت،
قانداقمۇ خۇش كۈلۈپ باقاي مەن ئاڭا.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
ھاياتنىڭ قوينىدا ئەركىن ئاقمىدىم.
شادلىق ۋە ئازابنىڭ قايىسى كۆپكىن،
جاھاندىن زادىلا شادلىق تاپمىدىم.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
كۈلكىلەر ياتتۇر ھەم قەلبىمگە بەلكىم.
مېنى قان يىغلاتقان ئاشۇ دەردىمنى،
بىلمەيدۇ ھېچ كىشى، بىلەلمەس ھېچكىم.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
ئازابلىق ھېسلىرىم ئەجەبمۇ سېخىي.
ھەسرەتلەر كۈلكىگە باقسىمۇ سوغۇق،
چۈشكۈنلۈك قەلبىمدىن يىراقتۇر تېخى.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم،
شوخ كۈلكە قوينىغا غەرق بولمىدىم.
نە قىلاي كۈلپەتلەر چۈشسە بېشىمغا،
كۆز ياشتىن ياخشىراق ھەمراھ كۆرمىدىم.

مەن تېخى دۇنياغا كۈلۈپ باقمىدىم ،
كۈلكىنى تىرىشىپ تاپىمەن ھامان.
غۇرۇرنىڭ تەستىكى تەگمەكتە قاتتىق،
دېمەكتە ياشلىقنى قىلمىغىن خازان.

تەھرىرى: قۇربانجان ۋاھاپ روھزادە (2007)

-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-☀-



# ئانار

يۈسۈپجان مۇھەممەت (2009)

قىپقىزىل مەڭزىگە كۆيۈپ ئانارنىڭ،
تاشلىدىم سۆيۈنۈش ئىلكىدە نەزەر.
قالدىممەن بۇت كەبى تۇرۇپلا قېتىپ،
ئۇ ئاچچىق بىر سادا قايتۇرغان قەدەر.

كىم ئۆزۈڭ؟ تۇرسەن نېمانچە بەزدەك،
قارايدۇ قۇياشمۇ خىجىل بوپ ماڭا.
دېدى ئۇ ماختىنىپ كىبىرى بىلەن،
نېمە ھال قۇياشنىڭ ئالدىدا ساڭا.

چېھرىدە تەبەسسۇم قىشۇ-ياز ئۇنىڭ،
مىليون يىل ئۆتسىمۇ قىلمىغان مىننەت.
دېدىممەن رەددىيە قايتۇرۇپ ئاڭا،
سەندىكى چىراي ئۇ بىردەملىك پەقەت.

تەھرىرلىگۈچى: گۆھەرنىسا راخمان (2009)

# مەۋسۇملۇق قىسقا خەۋەرلەر

★ فاكۇلتېتىمىز 2007-، 2008 - يىلللىقتىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ 7-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خوتەن گېزىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا سىناق پراكتىكا قىلدى. بۇ جەرياندا، فاكۇلتېت سېكرېتارى ئەركىن ئابدۇللا ۋە ئەركىن ئارىز، مۇھەممەترېھىم سايىت قاتارلىق ئۇستازلار بۇ ئورۇنلارغا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە 7-ئاينىڭ 30-كۈنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئىككى ئورۇننى فاكۇلتېتىمىزنىڭ خوتەندىكى پراكتىكا بازىسى قىلىپ بېكىتىپ ۋىۋىسكا ئاستى.

★2008-يىلللىقتىن 6 نەپەر ساۋاقداشىمىز ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ئىككى ھەپتىلىك سىناق پراكتىكىسى قىلدى.

★2011-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى 2007-يىلللىقتىكى 12 نەپەر ساۋاقداش ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆژمە يېزىسىدا «ئۆژمە يېزىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەپ ئوقۇش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش» دېگەن تېمىدا جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەت مەكتەپ تەرىپىدىن 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★فاكۇلتېتىمىز 2006-يىلللىق «بازا سىنىپ» ئوقۇغۇچىلىرى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا 20 كۈنلۈك ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسىدا بولدى. بۇ پراكتىكىدا ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

★2010-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2006-يىلللىقتىن 23 نەپەر ساۋاقداش مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئايلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە جەم بولدى. 9-چىسلا ئۇلار ئۆزلىرى ئىلتىماس قىلغان پراكتىكا ئورۇنلىرى بولغان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2-، 5- ۋە 9-يۈرۈش قانىلى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى، ئىقتىساد گېزىتى ۋە شىنجاڭ گېزىتى قاتارلىق ئىدارە-ئورۇنلاردا ھەمدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بېيجىڭدىكى تەرجىمە ئىدارىسىدە پراكتىكا قىلدى.

بۇ ساۋاقداشلار ئاساسلىق تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك ۋە مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، گەرچە پراكتىكا ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتە جانلىق ئىشلىتىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلاپ، پراكتىكىنى غەلىبىلىك تۈگەتتى.

★2010-يىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى فاكۇلتېتىمىزغا



يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 40 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىي مەشىق سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇلار بادالىڭ ھەربىي مەشىق بازىسىدا ئالىي مەكتەپنىڭ تۇنجى دەرسلىكى بولغان 12 كۈنلۈك ھەربىي مەشىقنى غەلىبىلىك تاماملىدى.

★فاكۇلتېتىمىز دۆلەت بايرىمى ئالتۇن ھەپتىلىكىنىڭ 7-كۈنى 2010-يىلللىق ئوقۇغۇچىلىرىنى مەملىكىتىمىزدىكى نۇقتىلىق ساياھەت رايونى بولغان سەددىچىن سېپىلىغا يېرىم كۈنلۈك ساياھەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار بۇ يەردە رەسىمگە چۈشۈش، خاتىرە بويۇمى سېتىۋېلىش، چەت ئەللىك دوستلار بىلەن



تونۇشۇش قاتارلىق كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەر بىلەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.

★مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 10-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن كېيىن، تەنھەرىكەت مەيدانىدا «يېڭى ئوقۇغۇچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىزغا قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. مۇسابىقىدە فاكۇلتېتىمىزنىڭ 2010-يىلللىق ئوقۇغۇچىسى رىزۋانگۈل، چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە بىرىنچىلىككە، ياسمەن ئالىم يىراققا سەكرەش تۈرىدە

بىرىنچىلىكىكە، گۈلزىرە 400 مېتىرغا يۈگۈرەش تۈرىدە ئىككىنچىلىكىكە، مۇساجان 5000 مېتىرغا يۈگۈرەش تۈرىدە بەشىنچىلىككە ئېرىشتى.

★2010-يىلى 16-ئۆكتەبىر مەكتىپىمىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر پائالىيەت مەركىزىدە فاكۇلتېتىمىز يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىكتە ناخشا، ئىتوت، ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلار يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىنىپ، ھەممەيلەننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

★2010-يىلى 16-، 17-ئۆكتەبىر كۈنلىرى فاكۇلتېتىمىز 2010-يىللىقتىكى ساۋاقداشلار مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى ئوقۇغۇچىلار ۋالىبول مۇسابىقىسى»گە قاتنىشىپ، مەكتەپ بويىچە ئىككىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، فاكۇلتېتىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى، مەدەنىيەت بىناسى شەرقى 1-قەۋەت ئىلمىي دوكلات زالىدا فاكۇلتېتىمىز بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان «تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە بىلىملىرى» تېمىسىدىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە تۆت گۇرۇپپا ماھىر، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار ۋە ھەر قايسى يىللىقتىكى تاماشىبىنلار بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. تۆت گۇرۇپپىدىكى 12 ماھىر گۇرۇپپىلار بويىچە ئۆز ئارا مۇسابىقىلاشتى. مۇسابىقە مەجبۇرىي جاۋاب بېرىش، تاللىشىپ جاۋاب بېرىش، ئىختىيارى جاۋاب بېرىش، تاللاپ جاۋاب بېرىش باسقۇچلىرى بويىچە داۋاملاشتى. ئاخىرىدا 2008-يىللىق كوماندىسى بىرىنچىلىكىكە، 2009-يىللىق كوماندىسى ئىككىنچىلىكىكە، 2007-يىللىق كوماندىسى ئۈچىنچىلىكىكە ئېرىشتى.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 3-كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن كەچ سائەت يەتتىدە مەكتىپىمىزنىڭ مەدەنىيەت بىناسى ئىككىنچى قەۋەت ئىلمىي دوكلات بېرىش زالىدا ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ياۋرو-ئاسىيا مەدەنىيەت-تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ياپونىيە تىلشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، داڭلىق



تۈركولوگ پىروفېسسور شوگايتو ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ يېزىقىدىكى تاۋۇشلار ھەققىدە» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى لېكسىيەگە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدىن 170تىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. لېكسىيە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. لېكسىيەگە فاكۇلتېت مۇدىرى لىتىپ مۇئەللىم رىياسەتچىلىك قىلدى. رازىيە مۇئەللىم ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. فاكۇلتېتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان، دۆلەت تەرىپىدىن «چاشجياڭ ئالىمى» شەرىپىگە ئېرىشىپ تەكلىپ بىلەن مەكتىپىمىزدە ئىشلەۋاتقان، گېرمانىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پىروفېسسور ئابدۇرىشىت ياقۇپ لېكسىيەنى خۇلاسىلىدى.

★2010-يىلى 11- ئاينىڭ 4-كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ۋە فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ ھالدا، فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا قارىتا چوڭ كۆلەملىك تازىلىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى تازىلىقتا ئىلغار ياتاقلارنى تەقدىرلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئىكەن.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مەكتەپ «يىفۇ تەنتەربىيە سارىيى»دا «5-نۆۋەتلىك گۈزەللىك گىمناستىكا مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدىن يىگىرمىگە يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشتى. مۇسابىقە داۋامىدا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، فاكۇلتېتىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مەكتىپىمىزنىڭ مەدەنىيەت بىناسىدا پىروفېسسور، دوكتور-ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ئابدۇرەئوپ مۇئەللىم



«ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى رولى توغرىسىدا» لېكسىيە سۆزلىدى. يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشقان بۇ قېتىمقى لېكسىيە باشتىن-ئاخىر قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا ئابدۇرەئوپ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار سورىغان مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق جاۋاب بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدىكى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت مەركىزىدە قۇربان ھېيتلىق سەنئەت

كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. بۇ پائالىيەتتە ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى ئارقىلىق سورۇندىكى ئايەم ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى.

★2010- يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «9- دېكابىر» ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىشلىق ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار «ئىتتىپاقلىق ــ كۈچ» دېگەن روھنى ھەقىقىي جارىي قىلدۇرۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

★2010- يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەدەنىيەت



بىناسىدا «تۇنجى نۇۋەتلىك ئىنگلىزچە كىنوغا ئاۋاز بېرىش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىگە جەمئىي يەتتە گۇرۇپپا، يىگىرمىدىن ئارتۇق ماھىر قاتناشتى. ماھىرلار مۇسابىقە جەريانىدا بىر-بىرىدىن سەرخىل نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ بىردەك قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاخىرىدا، فاكۇلتېتىمىز مۇدىرى لىتىپ مۇئەللىم بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

★2010-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مەكتەپ چوڭ زالىدا تەنتەنىلىك ھالدا «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 9- نۆۋەتلىك ياتاق مەدەنىيەت بايرىمىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ياتاق مەدەنىيەت بايرىمىدا فاكۇلتېتىمىز 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ فاكۇلتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇشۇ تۈردىكى پائالىيەتلەردە تۇنجى قېتىم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ھېسابلىنىدىكەن. كېچىلىكتە، فاكۇلتېتىمىز 2006-يىللىق ئوقۇغۇچىسى بەختىيار بىلەن 2010-يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئەزىمەتنىڭ «سۆيگۈ ئارزۇسى» دېگەن ناخشىسى مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

گېزىتىمىز مۇخبىرلار بۆلىمىدىن چىمەنگۈل ئابدۇشۈكۈر (2007)، ئىسمائىل ھېلىم (2009) تەييارلىغان.

بېكىتكۈچى: ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 心声

## (维吾尔文、内刊)

## (总第 7 期)

顾问：力提甫·托乎提、艾力肯·阿布都拉
指导老师：阿不都鲁甫·普拉提、艾尔肯·阿热孜
李红梅、依马木·毛拉洪、买买提

主编：吾买尔江·斯马依力
副主编：阿卜拉江·玉苏普

编委：吾买尔江·斯马依力、阿卜拉江·玉苏普
托合提·努尔、阿依古再丽·阿卜杜萨拉木
库尔班·瓦哈甫、土尔克扎提·拜斯尔
阿布都韦力·帕拉提、果海尔妮萨·热合曼
买力叶木古丽·吐逊、阿依努尔克孜·买买提
米合热拉·台外库

校对：阿斯玛·伊拉木、哈尼克孜·麦托乎提
玛伊热姆·图尔逊托乎提、艾拉努尔·艾斯卡尔
美术编辑：阿迪力·买买提明
排版：阿不力米提·阿不都热合曼

中央民族大学维吾尔语言文学系“心声”编辑部

## 学术论文


古代维吾尔语中的“-ki”连词及其发展进程 ························ 萨代提 · 艾尔肯 41
论十二木卡姆歌词中的 Sayfi Sarayi 诗歌 ······················ 海丽且木 · 依沙克 38


## 民间文学


五条鱼儿 ····················································· 肉孜阿吉 · 依马木 44


## 散文园地


心思 ························································ 阿卜拉江 · 玉苏普 12
母亲的梦 ······················································ 买买提 · 艾买提 48
喀什噶尔赞歌 ·············································· 米合热拉 · 台外库 49
妈妈，我回来了 ······································· 买力叶木古丽 · 吐逊 50
心灵的呼唤 ···················································· 阿斯玛 · 伊拉木 53


## 开心辞典


幽默 ··················································· 吐尔逊 · 麦麦提（译）52
格言 ························································ 西热古力 · 依不拉音 54


## 故乡风情


伊吾游记 ···················································· 阿卜拉江 · 玉苏普 55


## 译丛


你好， 巴恰 ··································· 土尔克扎提 · 拜斯尔（译）64
鱼眼中的海 ····································· 西热古力 · 依不拉音（译）30
过这样一种生 ································ 阿依努尔克孜 · 买买提（译）67


## 年度新闻


学期简讯 ························································· 本刊记者 73




ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

# 心声

（内刊）

## 目录

### 人物

长江学者阿不都热西提·亚库甫访谈录……阿斯玛·伊拉木，阿依努尔克孜·买买提 1
花儿的芬芳……奇曼古丽·许克力，依斯马依力·艾肯木 5

### 共鸣与思考

离别故乡与实现理想……阿布都鲁甫·普拉提 8
重温学生时代……阿不都艾海提·阿不都热西提 13
存在与意义……巴克力·阿卜杜热西提 15

### 故事会

再见，大学……吾买尔江·斯马依力 17
乞丐……茹克亚·吐尔逊 26
电梯的罪过……阿依加马丽·艾海提 29
错误……艾孜买提 31
悔之晚矣……夏伊麦尔旦·买买提伊力 35

### 诗歌赏析

城市与孤独……库尔班·瓦哈甫 70
我从未笑过世界……艾比比古力·库尔班 72
石榴……玉苏甫·麦麦提 72
办事不易……托合提·努尔 43
年末之梦……伊力哈木江·尤努斯 69
红玫瑰般的美人……吾买尔江·斯马依力 71
爱的呼唤……努尔艾力·阿卜来提 71
依偎你……阿卜杜哈力克·阿卜杜瓦伊提 68
幸福终点站……阿不都米吉提·阿不都拉 68